# ئابدۇللا ئارىپوۋ شېئىرلىرىدىن تاللانما



شىنجاڭ ياشلار ــ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى



شىنجاڭ ياشلار ــ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى





I291.52
U-109

196358

# ئابدۇللا ئارىپوۋ شېئىرلىرىدىن تاللانما

تەھرىرى: تېيىپجان ئېلىيوۋ
مەسئۇل تەھرىرى: ئوسمان نادىر

755163357

新疆大学图书馆藏书

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

| 借者 | 借期 | 还期 |
|---|---|---|
| | | |
| | | |
| | | |
| | | |
| | | |
| | | |
| | | |

كىتابنى تۆۋەندە يېزىلغان ۋاقىت ئىچىدە قايتۇرۇش لازىم
下列最后之日期本书必须归还

| | | | |
|---|---|---|---|
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |

爱护图书・按期交还
مۇددىتىدە قايتۇرايلى كىتابنى ئاسراپ

ئابدۇللا ئارىپوۋ شېئىرلىرىدىن تاللانما

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورۇ)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 5.375
1989 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
1990 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7-5371-0363-1/I·175
سانى: 1 — 1.000
باھاسى: 1.40 يۈەن

## كىرىش سۆز

ئابدۇللا ئارىپوۋ — بۈگۈنكى سوۋېت ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆزبېك سوۋېت شېئىرىيىتىنىڭ يېڭى سەۋىيىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن.

ئابدۇللا ئارىپوۋ — شېئىرىيەتتە مىللىي ئەنئەنىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، يېڭىلىق يارىتىش يولىدا ئۈلگە بولغۇدەك نەتىجە يارىتالىغان شائىر، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قىسقا شېئىرلىرى ھەجىمىنىڭ ئىخچاملىقى، ھېسسىياتىنىڭ نازۇكلۇقى، پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تەسەۋۋۇرىنىڭ جاۋىدارلىقى بىلەن ئادەمنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل شېئىرلىرىنى سەممىي مۇھەببەت، ئالىيجاناب ئەخلاق، جۇشقۇن پەلسەپە لىرىكىسى دېيىش مۇمكىن.

ئابدۇللا ئارىپوۋ شېئىرلىرىغا جۇڭگو ئۇيغۇر كىتابخانلىرىمۇ بەك زوقمەن. بۇ توپلام ئەنە شۇ زوقمەنلىكنىڭ تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلدى.

ئابدۇللا ئارىپوۋ ۋە باشقا سوۋېت ئۆزبېك يازغۇچى - شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىلىمىزدە ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقلىرىنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى يېقىن دوستلۇقىنىڭ، جۈملىدىن ئەدەبىيات

جەھەتتىكى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئەنئەنىسىنىڭ يېڭىچە داۋامى دېيىشكە بولىدۇ. بىز بۇنداق ئەنئەنىنى تېخىمۇ داۋاملاشتۇرۇپ ئەدەبىيات خەزىنىمىزنى بېيىتىشىمىز لازىم.

ئىنسانىيەتكە ئورتاق مەدەنىيەت توسالغۇسىز ھالدا جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە تارىلىدۇ ۋە سىڭىدۇ.

تېيىپجان ئېلىيوۋ

1988 - يىل 12 - مارت

## مۇندەرىجە


قول ........................................ 1
بۇلۇت ........................................ 3
ئانا تىلىمغا ........................................ 4
قانات ........................................ 6
نامەلۇم ئادەم ........................................ 7
سەن بارسەن ........................................ 9
شۈكرانە ........................................ 10
نىسپىيلىك ........................................ 11
يىللار ئارمانى ........................................ 12
باھار خاسىيىتى ........................................ 13
دوستلىرىمغا ئېيتقىنىم ........................................ 15
«دەپتىكەن...» ........................................ 17
دوستۇم مۇرات ھەمرايېۋ خاتىرىسىگە ........................................ 18
تۈتلۈكلەر ........................................ 20
تەقلىدچى شائىرغا ........................................ 22
ئاپتاپ پېتىپ كەتتى ........................................ 23

ئىشەنچ كۆۋرۈكلىرى ........................ 24
مېنى سايلاڭ ........................ 26
نېمىشقا بېشىڭ ئېگىك ........................ 27
تىرىكلىك ........................ 28
ئەقىل ھەققىدە ........................ 30
ئاقتى ـ كۆكتىن ھەققىدە رىۋايەت ........................ 31
سەندىن يىراقتا ........................ 33
كېپىنەك ۋە مەن ........................ 34
كۈلمە، كۈلمە ........................ 35
«نامەلۇم قىز» سۈرىتىگە ........................ 36
ئانامغا خەت ........................ 37
سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ؟ ........................ 39
ئادەملەر ........................ 41
بۇلاق ........................ 43
گىياھ ........................ 44
دېرىزەڭنى قاپلار ........................ 45
«مۇناجات» نى ئاڭلىغاندا ........................ 46
ئۇ قوشاق كۈيلىدى ........................ 48
بۈركۈت ........................ 49
سەن پوشكىن سۆيگەن پەرىشتە ........................ 50
كۆز مەنزىرىسى ........................ 51
يولۇم باشلار ........................ 52
قوي دوستۇم ........................ 54
شۇنداق ياشار ئادەتتە ئادەم ........................ 55
ئايال ........................ 56



داۋاز ........................ 59
ھايات ئىشقى ........................ 60
تۈن ........................ 61
چوڭ بولۇش (ھەزىل) ........................ 63
ئۆتۈنىمەن ........................ 65
جىمىرلايدۇ بىر كىچىك يۇلتۇز ........................ 66
تىللا بېلىقچە ........................ 67
خەت يازمىدىم ........................ 68
ھايۋانات باغچىسىدا ........................ 69
تەبىئەت ........................ 70
نەي ........................ 73
قويغىن، ئۇ كۈنلەرنى ........................ 75
چېچىلىدۇ ئويلىرىم سەنسىز ........................ 77
خەير ئەمدى ........................ 78
ياغمۇرلۇق كۈن ئىدى ........................ 80
شائىرلار ھاياتى ........................ 81
جەننەت ........................ 82
ئاھ ئۇرۇپ ھەريانىدا ........................ 84
دۇنيا بىر گۈلزاردۇر ........................ 85
ئۆزۈمنى مۇزېيىنىڭ ........................ 86
نېچۈن تۇم قارا ئەرمەن كۆزلىرى ........................ 87
ئاھۇ ........................ 88
گۈزەللىك ........................ 90
ئانا ........................ 92
تېپىشماق ........................ 93

ئەلشىرنىڭ ئانىسى ........................ 94
خاسالار ........................ 95
خاتىرىلەر ........................ 96
چەكسىزلىك ........................ 98
ئارىمىزدا سەرسان بىر جۈپ قارا كۆز ........................ 99
ئىلتىجا ........................ 100
چارلاش ........................ 101
كامان ........................ 102
سۇ (چاقچاق) ........................ 103
نەسىھەت (ھەزىل) ........................ 105
سېغىنىش ........................ 106
تۇرمۇش تەشۋىشلىرى (ھەزىل) ........................ 107
تونۇشلار (ھەزىل) ........................ 109
ھەددىم بارمۇ سىزگە ........................ 111
باھار سېنىڭكىدۇر (قىزىم يۇلتۇزغا) ........................ 112
خاتىرە ........................ 113
دۇنيادا ھەر ئىشنىڭ ........................ 114
قىش كېچىسى ........................ 115
تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ........................ 116
خەيرخاھ ........................ 118
ھالەت ........................ 120
ئاگلا، بۇ ........................ 122
بۇ جايلارغا نېمىشقا كەلدىم ........................ 123
مىش - مىش ........................ 124





نېمىكى يازمىغىن ........................ 125
سۆيگۈدىن سۆزلەيتتىڭ ........................ 126
كەكلىكىم ........................ 127
قوشاق ........................ 129
يالغۇزلۇق ........................ 131
كۈزەك شاماللىرى ........................ 133
ئاتىلار ئىلكىدە زامان بىلەن ۋاقىت ........................ 134
ئىسسەلاق ........................ 136
خاتالىرىڭ كېرەك ئۇلارغا ........................ 138
سەپلەرنىڭ پاكلىقىنى دەپ ........................ 140
ياش شائىرلارغا ........................ 142
سەرھەدلەر ........................ 143
ئابدۇللا قاھار ........................ 145
كەتمەكتىمەن ........................ 146
نامە ........................ 147
بىمار ۋە تېۋىپ ........................ 148
بىمەھەل قار ياغقان كۈنى (چاقچاق) ........................ 150
ئىلغار ئىشچى ۋە چاقچاق مۇخبىر قىسسىسى ........................ 151
گۇرۇھۋاز ........................ 157
كونا قۇدۇق ........................ 158

## قول

يىگىت كۆچكە تولدى، يېتىلدى،
بىلەكلىرىنى تولدۇردى مۇسكۇل.
چامىسىدا بىلەك كۆچىنىڭ،
قارشىسىدا ئاسان ھەر مۇشكۇل.
ئۇ خالىسا ئۇيۇل تاشلارنى،
سوروۋېتەر توپراق، كۆل كەبى.
ئەمما يارنىڭ يۈزىدە ئۇ قول
دىرىلدايدۇ نازۇك گۈل كەبى.

1962 - يىل

*　　　*

تەڭلىكتە بۇندىن كېتىپ قالدىم مەن،
يىللىرىڭغا قاراپ قالدىڭ سەن،
چاچلىرىڭنى تاراپ قالدىڭ سەن.
ئاتاڭ جاھىل، بۇنى بىلسمەن.

بوسۇغاڭغا يولاتماس مېنى،
ئىشەنمەيدۇ يارىڭغا ھەرگىز،
يىراقلارغا ئەۋەتمەس سېنى،
بىللە كېتەر بولساق ئىككىمىز.
بىلەك ئۇزۇك تاقاپتۇ ئاتاڭ،
بۇ، قولۇڭنى باغلاپ قويغىنى.
بىلەك ئۇزۇك — يەندىلىڭ ئۇزۇلسۇن،
قىسقىچىلىك يارنىڭ قولىنى.
سەن دېدىڭكى: «يۇلتۇز بولسامتىم،
ئاسمانلاردىن قارىسام سىزگە،
خەپ، چۈشۈشكە يەلىۋ تاپاتتىم،
ئاتام ئاقىول تىلىسە بىزگە.»
توختا، كېلەر بىر كۈن، ئاتاڭنىڭ
ھۇزۇرىغا قايتىپ بارارمىز.
كەچۈر، دەرمىز، يەتمىسە ئەگەر
ئۈچ جان بولۇپ ئەپۇ سورارمىز.
بىزنى ھېچكىم ئەيىب ئەتمەس، جېنىم،
غەمكىن بولماس بىز قالدۇرغان نىشان.
سۆيگۈسىدىن بەخت تاپقانلار
يامان ئاتلىق بوپتىكەن قاچان؟...

1963 - يىل

تېيىپجان ئېلىيوۋ تەرجىمىسى



# بۇلۇت

تىنىق كۆل بويىدىن پارچە ئاق بۇلۇت
ئۆرلەپ چىقتى بىر چاغ ماۋى پەلەككە،
شامال قانىتىدا ئۇچتى خۇش بولۇپ،
ماكانىدىن ئۇزاق - ئۇزاق تەرەپكە...
نەگە ئالدىرايدۇ؟ بىلمەيدۇ بۇنى،
ئېشىپ ئۆتتى چۆللەر، تاغلاردىن يىراق،
جېنىغا تېگىپ بۇ كېزىش بىر كۈنى،
قايتماق بولدى شۇندا كەينىگە، بىراق،
بىراق ... يول بەرمىدى شاماللار ھەيدەپ،
ئۇ يىغلاپ تۆگەشتى ياشنى سەل قىلىپ.
كېيىن ئېقىن بولدى، بىلمەيدۇ نەدە ...
ماكانىنى ئىزدەپ كەتتى باش ئېلىپ.

1964 - يىل

## ئانا تىلىمغا

مىڭلاپ يىللار بۇلبۇلنىڭ سۆزى
مۇقىم بىر خىل تۇرار ھەمىشە.
ئەمما شورلۇق تۇتىنىڭ ئۆزى
باشقىلارنى دورار ھەمىشە.

ئانا تىلىم، سەن بار ئىكەنسەن
بۇلبۇل كۈيىنى شېئىرغا سالىمەن،
سەن يوقالغان كۈنى، شۈبھىسىز،
مەنمۇ تۇتى بولۇپ قالىمەن.

1965 - يىل

* *

ئاتىلار بالىدىن رەنجىسە ئازراق،
بەزىدە شۇنداقمۇ سۆزلەرنى دەيدۇ.



بالام، قېرىلارنى قەدىرلە كۆپرەك،
باغلاپ قويغان ئەمەس بىزلەرنى، دەيدۇ.

قېرى قەلبىڭىزگە چۈشمىسۇن تىترەك،
ئاتىلار، چايقىلىپ تۇرۇپتۇ ئالەم.
سىزمۇ بالىلارنى قەدىرلەڭ كۆپرەك،
باغلاپ قويغان ئەمەس بالىلارنى ھەم.

1967 - يىل

* *

ئۆمۈر ئۆتىدىكەن خۇددى چۆچەكتەك،
ئەتىگەن كەينىدىن كېلىدىكەن كەچ.
زادى غەپلەت ئىچرە ياتمىغىن يۈرەك،
ياشلىق پەيتى قايتىپ كەلمەيدىكەن ھېچ.

پەيت كېلەر، ۋەدىنىڭ قىممىتى قالماس،
مۆھلەتمۇ بەرمەيدۇ تولغان پەيمانە.
ئۆتكەن بىر ۋاقىتنى قايتۇرۇۋالالماس،
كۆز يېشى، نە ئەپسۇس ياكى باھانە.

1967 - يىل

## قانات

ئىنساندا قانات يوق،
ئۆكۈنمەك بوڭا،
پەقەت ئاڭا يۈرەك ـ سۆبات بېرىلگەن.
قۇشنىچۇ، سۆبات يوق،
شۇڭلاشقا ئاڭا،
قېچىپ كېتىش ئۈچۈن قانات بېرىلگەن.

1969 ـ يىل



## نامەلۇم ئادەم

ئۇ شائىرمۇ ئەمەس ياكى مەشھۇر زات،
دۇنيا بىلەن دەردى بىر ئىدى لېكىن.
ئۇمۇ باشقىلاردەك كەچۈرۈپ هايات،
ئىشقا ئىلدام بېرىپ، قايتاتتى سېكىن.
چۈشىنەتتى ئۇمۇ دۇنيانى تىرەن،
پاتقۇچى قۇياشقا مەيۈس باقاتتى.
بەزىدە يۈرىكى كۆيگىنى بىلەن
هېچقاچان بۇنىڭغا ئېرەن قىلمايتتى.
ئۇ تەبرىك ئېيتىمىدى تويدا شادىمان،
سۆزلىمىدى قەبرە ئۈستىدە نۇتۇق.
تۇغۇلۇش ـ شىددەتتە تارتىلغان كامان،
ئۆلۈم بۇ — نىشانغا بېرىپ تەگكەن ئوق.
شان ـ شۆھرەت تالاشقان هەر خىل ئاجايىپ
شورلۇق ئادەملەرگە كۈلۈپ باقاتتى.
يۈرمەيتتى هەر يەردە زىغزىق چىقىرىپ،
قەلبىدە جۇش ئۇرۇپ دەريا ئاقاتتى.

بىراۋنىڭ ئۇ بىلەن بولمىدى ئىشى،
دۈج كەلسە ئاچمىدى ئۇمۇ كۆڭلىنى.
نەسەب، ئىرماش – چىرماشلىق، مۈلۈك، تەشۋىشى
تارتالمىدى قىلچە ئۇنىڭ مەيلىنى.
بوزەكنى دۇمبالا، دېسە ناۋادا،
يېپىشاتتى ئاگا ناكەسنىڭ بەرى.
ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياناتتى غۇۋا،
يىراق يۇلتۇزلارنىڭ سىرلىق نۇرلىرى.
ئالەمنىڭ بۇ ئۇششاق غەلۋىسى يولسىز،
بەرى ئۆتكۈنچىغۇ، نېمىگە كېرەك؟
تېرىلتتەك زامانىنىڭ ئۈستىدە ئۈنسىز
ياشاپ ئۆتتى شۇنداق بۈيۈك بىر يۈرەك.
نەدىن كەلگەندۇ ئۇ، كىمدۇ، نامەلۇم،
قەبرىگىمۇ جىمجىت كىرىپ كەتتى ئۇ.
مېنىڭچە، دۇنيانىڭ ئۈستىدىن چوقۇم
مازاقلاپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ئۇ.

1970 - يىل



## سەن بارسەن

سەن بارسەن — مەن ئۈچۈن بۇ ھايات
گۈزەل،
سەن بارسەن — مەن ئۈچۈن كائىنات
دىلبەر.
سەنسىز قالار ئىدىم زۇلمەتتە تۈگەل،
سەنسىز قالار ئىدىم مۇراتسىز بەتتەر.
سېنىڭ ۋىسالىڭدا ئۆمرۈم يوشۇرۇن،
چېچەكسەن مەن ئۈچۈن، زادى سولمايسەن.
شۇ قەدەر دىلبەرسەن، شۇ قەدەر شېرىن،
ھەي، شۇنداقلىقىڭنى ئۆزۈڭ بىلمەيسەن.

1975 - يىل

## شۈكرانە

شۈكرى دە، بۇردا نان ئۈچۈن شۇ دەمدە،
يۇتۇم سۇ ئۈچۈنمۇ شۈكرى قىل تەكرار.
يۇشۇرۇش نەھاجەت، چۈنكى ئالەمدە
ساڭا شۇلارنىمۇ كۆپ دېگۈچى بار.

بۈيۈكلەر بەختىگە ھەۋەس قىل، ئەمما
ئىنسانلىقىڭ ئۈچۈن شۈكرى قىل زىنھار.
چۈنكى بۇ ئالەمدە سەن ئۈچۈن ھەتتا
ئاددىي ئىنسانلىقنى كۆپ دېگۈچى بار.

1975 - يىل



## نىسپىيلىك

بەك ياخشى! دەيمىز مانا بۇ نەرسە،
گويا ھۆكۈم كەبى ياڭرار سۆزىمىز.
ئويلاپ كۆرگەنمىدۇق بىرەر مەرتىۋە،
كىممىز ئۆزىمىز؟

بەك يامان! دەيمىز مانا بۇ نەرسە،
گويا ھۆكۈم كەبى ياڭرار سۆزىمىز.
ئويلاپ كۆرگەنمىدۇق بىرەر مەرتىۋە،
خوش، كىم ئۆزىمىز؟

كىمگىدۇر ئۆزىمىز يېقىپ قالىمىز،
قالىمىز كىمگىدۇر ياقماي ئۆزىمىز.
شۇنداق بىر چاقپەلەك ئىكەن بۇ دۇنيا،
دېمەك نىسپىي ئىكەن ھەربىر سۆزىمىز.

1977 - يىل

# يىللار ئارمانى

كىمگىدۇر ياخشى سۆز قىلدۇق بۇرادەر،
كىمدۇر ئۆمۈر بويى رەنجىپمۇ كەتتى.
تۈنۈگۈن ياش دېيىشتۇق ئۆزنى بىرقەدەر،
بۈگۈنچۇ، بالاغەت پەيتىمۇ يەتتى.

ئىنسان ئۆز ئۆمرىنى ئويلىسا كۆپ ۋاقت،
قىينايدۇ ئۆزىدىن ئۆتكەن قۇسۇرلار.
كىمگىدۇر ئېيتالماي قالغان بىر رەھمەت،
كىمدىندۇر سورالماي قالغان ئۆزرىلەر.

مۇكەممەل كۆرمەكچى بولدۇق دۇنيانى،
بولالمىدۇق ئۆزىمىز بىراق مۇكەممەل.
ھەي، يىللار ئارمانى، يىللار ئارمانى،
ئارمان كۆرمىدىم مەن سېنىڭدىن ئەۋزەل.

ئىنسانغا تابىئە ئەمەس زامانلار،
تولغاندۇر ئىنساننىڭ قەلبىگە ھەسرەت.
بار پەقەت بەرىگە شۇنداق تەسەللا:
ئۆكۈنۈشنى بىلىش — بۇمۇ چوڭ دۆلەت.

1977 - يىل



# باھار خاسىيىتى

قاراڭا، باھارنىڭ مەنسىپىمۇ يوق،
بىرەر مەھكىمىدىن ماڭاش ئالمايدۇ.
ئاڭا كار قىلمايدۇ ئالقىش ياكى دوق،
سەپەرگە چىقتىمۇ، كەلمەي قالمايدۇ.

يۈكسەك قەسىرلەرنى پۈركەپ چېچەككە،
بېزەيدۇ گادايىنىڭ كۈلبىسىنىمۇ.
ئەزگۈلۈك بابىدا ئۇ پەقەت يەككە،
باقار تەڭ — باراۋەر ھەممىسىگىمۇ.

ئېچىپ قويۇپ كۆڭۈل دېرىزىسىنى،
قايغۇلۇق دىلدىمۇ كۈلىدۇ باھار.
ئۈمىدۋار ئىنسانلار، ئالقىشلاڭ ئۇنى،
پەقەت خاسىيەتلىك بولىدۇ باھار.

1979 - يىل

*

ھېكمەتلىك گەپلەرگە سالغۇلۇق قۇلاق،
قۇلاق سالغۇلۇقتۇر خەلقنىڭ سۆزىگە.
ئادەملەرنىڭ بار بىر ئادىتى بىراق،
ماقال توقۇشىدۇ ماسلاپ ئۆزىگە.
مەسىلەن، ئىت ـ ۋاپا، دەيدىكەن، ھەيھات،
توقۇغان بۇنى ئىت ئىگىلىرى زەپ.
بىراۋنىڭ ئىتىدىن قىلغىن ئېھتىيات،
ئۆزۈڭنىڭكى بولسا باشقا گەپ...

1979 - يىل



## دوستلىرىمغا ئېيتقىنىم

— شائىر ئەلا خايىۋقا

ئۇنتۇلار دۇنيادا نۇرغۇن نىمىلەر،
نامراتلىق، مەرتىۋە، شادلىق، قايغۇلار،
مۇھەببەت دەردىمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتەر،
ئۇنتۇلار يىللار، يوللار، تويغۇلار.

قىرىق يىللىق ئاداۋەت ئۇنتۇلار سېكىن،
ئۇنتۇلار ھەتتاكى يۈرەكتىكى دەز.
ياخشىلارنىڭ مېھرى ئۇنتۇلماس لېكىن،
ئۇنتۇلماس ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى قەرز.

1980 - يىل

* *

ئۆمۈر قىسقا ئىدى،
قىسقارتتۇق يەنە،
ئازغىنا بەختنى بۆلۈپ تاشلىدۇق.
ئاقىۋەتتە كۆلپەت قالدى تەنتەنە،
ئەنە شۇ چاغدىلا كۆزنى ياشلىدۇق.
كەتتى كاج تەبىئەت يۈز ئۆرۈپ ئەمدى،
باقمىدى، چاپساقمۇ يىغلاپ كەينىدىن.
ئىرىك ئات ئورنىغا ياغاچ ئات بەردى،
ۋە ئۆينىمۇ بەردى يەرنىڭ تەكتىدىن.

1980 - يىل



«دەپتىكەن...»

«ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر» دەپتىكەن،
رەنجۇ بالالاردىن كۆيىمسۈن جىنىڭ.
لېكىن ئەلەم قىلار
بىر ئۆمۈر يىغلاپ
ئىتلار ئارىسىدىن ئۆتسە كارۋىنىڭ.

1981 - يىل

# دوستۇم مۇرات ھەمرايېۋ خاتىرىسىگە①

كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن،
يەر - كۆك تىنمىغان.
پەرزەنتىنىڭ پىغانى پەلەكنى بويلار.
بىر ياندا ئۆزبېكلەر باش ئېگىپ تۇرغان،
بىر ياندا بالام دەپ يىغلار ئۇيغۇرلار.
نېمە قىلغىنىڭ بۇ،
ئاھ دوستۇم مۇرات،
ئۆلۈمدىمۇ ئۆتۈپ ئاپسەن ئالدىغا.
ئۇ ئەھدۇ پەيمانلار بولدىغۇ بەربات،
يەككە ئۇۋلايدىكەن ئەجەل دائىما.
مىڭلاپ يىل ئۆتسىمۇ ئاسمان قەھرىدە
تاقاراشماس پەلەكنىڭ ئىككى توزانى.
خۇش ئىدىم ئۆزبېكنىڭ ھەمدەم باغرىدا،
ماڭا دوست بولغانىنىڭ ئۇيغۇر ئوغلانى.

① مۇرات ھەمرايېۋ — سوۋېت ئۇيغۇر ئالىمى، فىلولوگ، 1983 - يىلى ۋاپات بولغان.



ئېمىشقا ياخشىغا قىتمىغىر ھايات،
نېچۈن ياۋ قىلىپ، دوست كېتىدىغاندۇ؟
ئۇلۇغ ئالىم ئىدىڭ، ئۆزۈڭ ئېيت، مۇرات،
تەبىئەت ئىشىنى كىم بەللەيدىغاندۇ؟
نىتەي، جىنازەڭگە كېچىكىپ قالدىم،
تۇيۇقسىز بۇ دەردتىن قالدىم گاڭگىراپ.
كىمگە خىتاب قىلاي، مۇرات ئەزىزىم،
باقارمەن قەبرەڭگە ئەمدى تېڭىرقاپ.

1983 - يىل

## تۆتلۈكلەر

ئەركىلىتىڭ قەلەمنى ئېلىپ،
سۆيۈپ قويۇڭ ئۇنى مولايىم.
شورلۇق ئۆزى يالاڭغاچ قىلىپ،
ئىگىسىگە كىيدۈرەر دائىم.

* *

دېمەڭلار: دۇنيانىڭ تەشۋىشى قىلىپ،
ئۆزىنى ھەريانغا ئۇرىدۇ شائىر.
تاغدەك ئېغىر يۈكنى ئالقانغا ئېلىپ،
قۇشتەك يەڭگىل بولۇپ يۈرىدۇ شائىر.

* *

بازارغا ئوخشايدۇ ئەسلى بۇ دۇنيا،
بازارغا ئوخشايدۇ بۇندا ھەم مەئنى.



ھەر ئىككىسىدە كۆرمىدىم ئەسلا،
مېنىڭ مىلىم يامان دېگەن بىراۋنى.

* *

بۇلبۇل ئۆگەي ئىكەن زاغلار ئارىسىدا،
يۈگرۈك سۇمۇ ئۆگەي تاغلار ئارىسىدا.
مۇھەببەت دەردىدە بىمار قەلبلەر بىز،
ئۆگەي بولساق نېمە، ساقلار ئارىسىدا.

* *

سەھرا چېغىر يولىدا باشىنى ئېگىپ جىم،
كېتىۋاتىدۇ بىرى، بىلەمسەن ئۇ كىم.
ئەگەر ئۇ سەن بولساڭ، قېشىڭغا باراي،
ئەگەر ئۇ مەن بولسام، تېز كەل رەپىقىم.

## تەقلىدچى شائىرغا...

تەقلىد قىلىۋەرگىن چىدىساڭ ئەگەر،
بۇنىمۇ سەندىكى بىر ھەۋەس دەيلى.
بىراق باش كۆتۈرۈپ بىر كۈنى مەگەر،
ئەسلى نۇسخامەن دەپ چىقمىساڭ مەيلى.



## ئاپتاپ پېتىپ كەتتى...

ئاپتاپ پېتىپ كەتتى، ئېگىلدى بېشىم.
يۇلتۇزدەك چېچىلدى كۆزۈمدىن يېشىم.
ئەجرىڭدە باغرىمنى يەرگە بېرىمەن،
تۈن بىر لەھەت بولسا ئاي قەبرە تېشىم.

# ئىشەنچ كۆۋرۈكلىرى

يۈزدىن پەردە كەتسە،
دىلدىن دىيانەت،
مېھىر رىشتىلىرى بىردىن ئۈزۈلسە؛
يۈرەكلەرنى باسسا شۈبھە، خىيانەت،
ئىشەنچ كۆۋرۈكلىرى بىردىن بۇزۇلسا؛

پېتىملەر ھەققىدىن قورقمىسا ھېچكىم،
سوقماققا ئايلىنىپ كەتسە گەر يوللار؛
قىبىلگاھلار گۇناھكار، قىرىنداشلار ياۋ،
خەزىنىلەرگە سوزۇلسا قوللار؛

باللار روھىغا ھايات دېگەن دەرس
سىڭدۈرسە مەنىمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى؛
ئاشىقلار كوچىدا يارىنىڭ ئەمەس،
پايلىسا كىمنىڭدۇر يۈرۈشلىرىنى؛

ئەلنىڭ شائىرلىرى دۈشمەنلەر كەبى
بىر - بىرىنى غاجاپ - يېيىشەر؛



مۇنبەرلەرگە چىقسا كوچا - كوي گېپى،
ئېھتىياتنى قورقۇش دېيىشەر؛

بۇنداق يۇرتتا ئەمدى قىرغىن شەرت ئەمەس،
ۋابامۇ قاچىدۇ ئۇنىڭدىن بەدەر؛
ھەتتا دەريالارمۇ قۇرار بەسمۇ بەس،
ھەتتا زېمىنمۇ ھەم لەرزىگە كېلەر.

خەلقىم، بۇنداقلارنى كۆردۈڭ كۆپ قېتىم،
كۆپ چەكتىڭ ئۇلاردىن ئەلەم ۋە ئازار.
ۋە لېكىن سەن يېڭىپ كەلدىڭ ھەر قېتىم،
خەلقىم، سېغىنىمەن ئۆزۈڭگە زىنھار.

ئابلىمىت سادىق تەرجىمىسى

## «مېنى سايلاڭ»

ئەي، ئەھلى دىيانەت، ئەي، گەپ خۇمارلار،
مانا بۇ نىداغا قۇلاق سېپ ئاڭلاڭ:
ھەمزىنىڭ دەردىدىن① بىرلا گەپ كېلەر:
«مېنى سايلاڭ، مېنى سايلاڭ!»

ئۇلارنىڭ جىسمىغۇ يوقتۇر بۇ زامان،
ئەمما روھلىرى بار، دىققەت ئەيلەڭ:
ئىدارىلەر ئارا ياڭرايدۇ ھامان:
«مېنى سايلاڭ! مېنى سايلاڭ!»

① دەردىدىن — قەبرىسىدىن، ياتقان يېرىدىن دېگەن مەنىدە.



## نېمىشقا بېشىڭ ئېگىك...

ھەممە جانلىقلاردىن يالغۇز ئارسلان
كۆز يۇمماي قۇياشقا قارار ئىمىش تىك.
بەلكى شۇڭلاشقا ئۇ ساھىبى ئورمان
جانلىقلار ئىچىدە ياشار بەخۇدۇك.

ئەي، ئىنسان، سەن ئۈچۈن ھەقىقەت قۇياش،
ئۆزۈڭنى تىرىكلىك شاھى سانايسەن.
نېمىشقا بېشىڭ ئېگىك، كۆزلىرىڭدە ياش،
قاچان قۇياشقىنا سەن تىك قارايسەن؟

# تىرىكلىك

غەلتە كۆرەشلەردىن چارچىدىم دەيسەن،
خىزمەت جانغا تەگدى، يوقتۇر ھالاۋەت.
ئەرزىمەس نەرسىگە يۈرىسەن كايىپ،
تىرىكلىك نىمە ئۇ، غەممۇ، پاراغەت؟

كىمگە ئىپتىماقچىسەن ھەسرىتىڭنى، ئاھ،
سەن شىپا سورايسەن بىماردىن نىچۈن؟
قىرىق بەش يىل ئاسمانغا تىكتىم مەن نىگاھ،
ئاددىي ھەقىقەتكە يەتمەكلىك ئۈچۈن.

بىر تىرە ئىچىدە مىڭ رەت ئورۇۋقلاپ،
مىڭ مەرتە سەمرەر جانىۋارلار ھەم.
ئون بەش كۈن جامالىن كۆكتە كۆرگۈزۈپ،
ئون بەش كۈن پەلەكتىن ئاي تاپار بەرھەم.

بۇ يورۇق ئالەمگە باقساڭ ئەسلىدە،
چوڭ بەخت سانىلار ئۆلمەستىن يۈرمەك.



بەخت بۇ: ھاياتنىڭ كونا قەسرىدە،
نەۋرەڭ تۇيۇقسىز چالسا قوڭغۇراق.

بەزىلەر قۇدۇقتا دەۋرانلار سۈرەر،
بەزىلەر چوققىدا ئوتقا كەلگەي دۇچ.
كۆزۈڭ ئوچۇق بولسا ھەر نىمە كۆرۈر،
بىر يان دوست، بىر ياندا نەپرەت بىلەن ئۆچ.

يۈز يىل ياشىسۇن بىچارە بىر زات،
تۇيمىدىم ھىچ، بۇ قانداق ھىكمەت؟
ئاھ، قانداق شىرىندۇر شۇ تەمسىز ھايات،
ئاھ، قانداق گۈزەلدۇر شۇ جۇلدۇر قىسمەت.

## ئەقىل ھەققىدە

شۆنچىلىك گۈزەل سەن، گۈزەل سەن سەنەم،
تەرىپىڭ يازماققا ئاجىزدۇر قەلەم.
بىر يىگىت ئۆمرىنى ئاۋات قىلاتتىڭ
ئەقلىنى بەرگەندە قوشۇپ پەلەك ھەم.



## ئاقتى - كۆكتى ھەققىدە رىۋايەت

خوتۇن بىر كۈن ئېرىگە:
«مۇنۇ ئىش قانداق؟» دېدى.
ئېرى بولسا جاۋابەن:
«ياق، ئۇ ئىش مۇنداق» دېدى.
خوتۇن دېدى: «بالىنى
مانا مۇنداق باقىمىز.»
ئېرى دېدى: «ياق، ئۇنداق —
ئەمەس، مۇنداق باقىمىز.»
خوتۇن دېدى: «مېھماننى
بۇنداق كۈتمەك كېرەكتۇر.»
ئېرى دېدى: «ياق، ئۇنداق —
ئەمەس، مەنچە مۇنداقتۇر.»
خوتۇن ئاخىر چارچىدى،
ھاياتتىن تويدى ھەتتا.

بالا ـ چاقا، مال ـ مۈلۈك،
بىساتتىن تويدى ھەتتا.
ئاسمەن، دەپ ئۆزىنى،
ئۇچۇق ئېيتتى سۆزىنى.
«ئېسىش دېگەن بۇنداق» دەپ
ئېرى ئاستى ئۆزىنى.



## سەندىن يىراقتا

سېنىڭ ئىزگۈ خىيالىڭ بىلەن
تاڭ يورۇدى، كۆنمۈ ئولتۇردى.
ۋە مېنىڭ بۇ سۆيگۈ ئەسىرىدىن
يۈرىكىمدە ھېسلار ئوت ئالدى.
نەدە سېنىڭ گۈزەل قىياپەڭ
ئىشەنمىدىم شېئىر خىيالىغا.
چۈشسەم ئىدىم سەندىن يىراقتا
پىنھان يانغان ئاشىق ھالىغا.

1957 ـ يىل

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر تەرجىمىسى

## كېپىنەك ۋە مەن

كېپىنەكمۇ ئۇچتى بەك ئۇزاق،
كۆزەتتىم ھەم يۈردۈم كەينىدە،
ئالدىمىزدا غۇنچىلار پارلاق،
شەبنەم قونغان چىمەن ئۈستىدە.

ئاللىقايان كېزىپ تىنىمسىز،
يىغدۇق راسا خۇش بۇي ئەتىرلەر،
ئاندىن بۆلۈپ ئالدۇق ئىككىمىز،
ماڭا تەگدى مۇشۇ سەتىرلەر.

1958 - يىل



## كۈلمە، كۈلمە...

كۈلمە، كۈلمە!
نېچۈن كۈلسەن
خىجالەت تارتقان كىشى ھالىغا.
قول تەگكۈزدىڭ نېچۈن نامراتنىڭ
ئۈگرىلاردىن قالغان مىلىغا.

1960 - يىل

## «نامەلۇم قىز» سۈرىتىگە

سەن ھەقىقىي گۈزەلسەن،
لېۋىڭ قىزىل قىرمىزى.
چاچلىرىڭغا سۇمبۇل بەندە،
كۆزلىرىڭ تاڭ يۇلتۇزى.

سەن راستىنلا گۈزەلسەن،
ھۇزۇرۇڭغا كەلدىم تېز.
يالغۇزمەن چۈش پەسكە
يالغۇزمەن پەرى قىز.

1961 - يىل



## ئانامغا خەت

قايتقۇم كەلدى، ئانا، يېنىڭغا،
يۈرىكىمدە ئىسمىسىز دەردلەر.
ئۆيۈم سوغۇق، سائەت چىكىلدار،
سىرتتا خازان، تۆكۈلگەن باغلار.
يامغۇرنىڭ جىم كۈيگە چۈشۈشى...
نېمىشقىدۇر ھەممىسى شۇ دەم
چۈشۈرمەكتە سېنى يادىمغا...

قايتقۇم كەلدى، ئانا، يېنىڭغا،
يۈرەكتىكى گېپىمنى دېسەم،
كەم ئۇچرايدۇ مەندە بۇنداق ھال،
شادىمان يۈرسەم مېنىڭ يادىمغا
سەن چۈشمەيسەن راستىنى ئانىجان.
كۈتۈلمىگەن بۇنداق چاغلاردا،
شۇنداق كۆرگۈم كېلىدۇ سېنى.
ئېيتسام ساڭا جىمى گېپىمنى،
ئارزۇلىرىم، ھەسرەتلىرىمنى،

يىغلاپ، كۈلۈپ ئېيتقۇم كېلىدۇ:
ئادەملەرنىڭ قەدىر - قىممىتى
بىلىنمەيدۇ بىللە تۇرغاندا.
ئەمما، بەزەن يىراقتا يۈرسەك،
يا يالغۇزلۇق دەردىنى چەكسەك،
شۇنداق چاغدا ئادەم زاتىنىڭ
تىرىنلىقىغا بولىمىز بىز زار.
چۈشەنمەيمەن بۇ ھەقىقەتنى،
سەنمۇ ئاخىر، ئانىسەن، ئانا ...
زەنجىمىگىن يازغان خېتىمدىن.
مەن راستىنى يازدىم شادلىقتا،
سەن چۈشىمەيسەن يادىمغا ئەسلا.
ئەمما ھايات ئۆزى، بىلىمەن،
سالار سېنى يادىمغا پات - پات.
بېشىمىزنى بىراق دائىملا
ئانا بولۇپ سىلىماس ھايات.

1963 - يىل



## سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ؟

كۆكلەمدە كۈلگەن باغلارنى كەزدىم،
تاپاي دېدىم قىردىن ئىزىڭنى.
ياڭىقىڭدىن رەڭ ئالغان دېدىم —
لالىزارغا بۇراپ يۈزۈمنى،
ئۇچراتمىدىم ئەمما ئۆزۈڭنى،
سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ؟

ئۇزاقلاردا سالماقلىق تاغلار
خىيالىمنى كېلىدۇ بېسىپ.
ئۆتتى قانچە ئىنتىزار چاغلار،
ۋەسلىڭ ماڭا بولمىدى نېسىپ.
سەنسىز مەنمۇ، باھارمۇ غېرىب،
سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ؟

ئۆڭكۈرلەردە سەكرەيدۇ ئاھۇ
رەنالارنى ئوينايدۇ شامال.
قارلىقلاردىن شۇمۇرۇلگەن سۇ

جاڭلاردا ئۇرىدۇ جەۋلان،
نىگاھىمدىن پەقەت سەن پىنھان،
سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ؟

مانا بۈگۈن يېڭى بىر ئالەم،
دوستلىرىمغا گۈلەر تۇتىمەن.
نەلەردىسەن، سۆيگۈنۈم، ئەركەم...
قولۇمدا گۈل سېنى كۈتىمەن.
ئۆمرۈم بويى چارلاپ ئۆتىمەن،
سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ؟

1963 - يىل



## ئادەملەر

ئەي يولۇچى بولۇپ قال قوناق،
تەڭ كۆرەيلى ئۆيدە بارىنى.
قاش قارايدى، يولۇڭمۇ يىراق،
يەنە ئۆزۈڭ بىلىسەن بۇنى.

يولچى قالدى ئاۋۇلدا مىزبان①
كەلتۈردى تاپقان - تۇتقىنىنى.
مۇڭداشتى ھەم ئىككىلەن ئۇزاق
ئەسكە ئېلىپ ئۆتكەن - كەچكىنىنى.

ھارغىن يولچى مۈگدەر ئىچىپ چاي
ۋە قىيشىيار سوزۇلۇپ ئاستا.
تاڭدا يولچى توۋلاپ قالار: — ھاي
مەن كەتتىم، خوش، رەھمەت!
بەس، شۇ سۆز كۇپايە ئاڭا.

① مىزبان — كۈتۈۋالغۇچى، ساھىبخان.

ئايرىلىشار ئۇلار ئاشۇنداق
ئىسسىملىرىن سوراشماي ھەتتا.
ئۇلار قايتا ئۇچرىشار بەلكى،
ئۇچرىشالماس ۋە ياكى قايتا...

1963 - يىل



## بۇلاق

قۇتلۇق بىر سەھەر كۆز ئاچتى بۇلاق
يول ئالدى دەريالار سىرى ئادىشىپ.
ئاڭا رەھىم ئەتمەكچى بولدى ئادەملەر
تاغۇ تاش ئارىلاپ يېقىن يول ئېچىپ.

ئادەملەر، تەگمەڭلار، مەيلى تاشسۇن ئۇ،
مەيلى ئۇ تاغنىمۇ كۆرسۇن يېرىلىدا.
قويۇڭلار يېرىلىنى ئۆزى ئاچسۇن ئۇ،
زوق ئالالىسۇن ھەم كۆرەش سوڭىدا.

1963 - يىل

## گىياھ

ئۇلۇغۋار بىر قۇدرەت بىلەن
چايقىلىدۇ چوڭ دېڭىز.
قانچە ئېغىر قورام تاشلار
ئاڭا چۆكۈپ كېتەر تېز.
ئەمما نازۇك، سىرلىق گىياھ
تەگسىز ئاشۇ ئۆلكىدە
كۆككە ئۆرلەيدۇ، دېڭىزنى
كۆتۈرگەنچە يەلكىدە.

1963 - يىل



## دېرىزەڭنى قاپلار...

دېرىزەڭنى قاپلار ئاخشام زۇلمىتى
قارا ئىز قالدۇرۇپ پاتىدۇ ئاي ھەم.
نېچۈن مېنى پەقەت شۇ زۇلمەت پەيتى
قۇچۇپ قەدىرلەيسەن نازۇك پەرىشتەم.
ساماۋى كۆزلىرىڭ چاچرىتىپ ئۇچقۇن
نېچۈن تىكىلىدۇ پەقەت ئاشۇنداق؟
ئەجەبا، شۇ كۆزلەر ياتتۇر مەن ئۈچۈن
كۈندۈز قۇياشى پارلاپ تۇرغاندا.
ئۈستۈمگە تۈن كەبى قۇيۇلىدۇ چاچ،
قارا تۈن يانىدۇ ئاتەش يۈزلەردە.
نېچۈن ئۆزگىلەرگە نۇر چاچقان قۇياش.
بىزنىڭ ئارىمىزدا بولىدۇ پەردە؟
نېچۈن ئىككىمىزنى قالدۇرۇپ يالغۇز،
كائىنات ئاستىدا قۇياش چېكەر ئاھ؟
جاۋاب بەر، قېشىڭدا چۆكمەكتىمەن تېز
جاۋاب بەر، مېكرىڭدىن مېنى قىل ئاگاھ.

1963 - يىل

# «مۇناجات» نى ئاڭلىغاندا

ئېيتقىنا، مەقسىتىڭ نېمىدۇر سېنىڭ،
ئەي ئاھاڭ، باغرىمنى مۇنچە پارچىلاپ.
نېچۈن كېرەك بولدى ساڭا كۆز يېشىم،
نەكېرەك مۇنچە غەم ساڭا ئەي راۋاپ!

ئېتىلىپ، تولغىنىپ زارلىنىدۇ كۈي:
كەلمەكتە قەيەردىن بۇ ئاھۇ پەرياد.
كىم ئۇ يىغلاۋاتقان، ناۋايىمىكىن،
ۋەيا مەي كۈيچىسى ھەييامىمىكىن داد؟!

بەس، يېتەر سازەندە، توختات سازىڭنى،
بەس، يېتەر كۆكسۈمگە ئۇرمىغىن خەنجەر.
ناھەتكى، دۇنيادا شۇنچە غەم باردۇر...
ئەگەر شۇ «مۇناجات» راست بولسا ئەگەر.

ئالدىمىغان بولسا شۇ سوغۇق سىلار،
گەر شۇ ئاڭلىغىنىم بولمىسا رۇيا.



سەن بۇزۇك ئەمەسسەن، دارسەن تەبىئەت،
سەن ئانا ئەمەسسەن جاللاتسەن دۇنيا!

ئېتىلىپ، تولغىنىپ زارلىنىدۇ كۈي،
ئەسىرلەر غېمىنى سۆزلەر «مۇناجات».
كۈيى شۇنداق بولسا غەمىنىڭ ئۆزىگە
چىدىيالىغاندۇر قانداق ئادەمزات؟!

1964 - يىل

# ئۇ قوشاق كۈيلىدى...

ئۇ قوشاق كۈيلىدى يار شەنىگە مەست،
يىغلاپ پەرياد چەكتى سۆيگۈ نامىدىن.
ھەممىنى يىغلاتتى، لېكىن قىز پەقەت
بىپەرۋا جىلمىيىپ ئۆتتى يېنىدىن.

ئۇ قوشاق كۈيلىدى يار شەنىگە مەست،
كۈلمىدى، تۆكمىدى قەترە يېشىنى.
ئۇ مەغرۇر كۈيلىدى، قىز شۇندا پەقەت
ھۇزۇرىغا كەلدى ئېگىپ بېشىنى.

1964 - يىل



# بۈركۈت

بىر بۈركۈت ئۇچماقتا كۆكتە شىددەتكار،
كۈمۈش بۇلۇتلارنىڭ تۇزۇتۇپ پەرلىرىنى،
ئۇچماقتا قەلبىدە مەغرۇر ئىشەنچ بار،
قاقشال قىيالار چوققىلارسىرى.

ئۇچماقتا قەيەرگە؟ چوققىغا! نېچۈن؟
بۈركۈتنىڭ شىددىتىنى ئويغاتقان نېمە؟
بورانلىق دەرگاھتا نە كۈتەر ئۇنى،
قۇدرەتلىك قانىتىنى قوزغاتقان نېمە؟

ئويناق شامماللار بىلەن بەسلىشىپ
ئەنە، قوندى بۈركۈت ئەڭ يۈكسەك يەرگە.
چوققا ئۇزرە مەغرۇر تۇردى - دە بىر پەس
يەنە بوران كەبى ئۇچتى نەلەرگە؟...

نېمە بولار ئىدى بەرسەڭ تەبىئەت
شۇ بۈيۈك شىددەتكە يارىشا مەقسەت!

1964 - يىل

# سەن پوشكىن سۆيگەن پەرىشتە...

سەن پوشكىننىڭ سۆيگەن پەرىسى،
سەن گيوتې ئارزۇ قىلغان قىز.
سەن بايروننىڭ ئوتلۇق يۈرىكى،
سەن گېينىنى ياندۇرغان يۇلتۇز.
سەن ئەلىشىر كۈيلىگەن گۈلى،
سەن لۇتفىنىڭ گۈزەل غەزىلى.
بۇلبۇلى ھاپىز گۈلشىنىنىڭ سەن،
سەن ھەييامنىڭ شېرىن ھەسلى.
تەلىيىمدە نازلىنىپ تۇرغان
ھەي، سەن مېنىڭ ئوماق گۈزىلىم.

1964 - يىل



# كۈز مەنزىرىسى

كەچ كۈز كىرىپ كەلمەكتە، يېڭنە چاچار ئىزغىرىن
تاشلاپ كەتتى دېھقانىمۇ قەدىردان دالا - قىرىن.

كۆجۈم باغلار - بوستانلار، ئەنە ھۆۋلاپ قېلىشتى،
ئەنە قۇشلار بەس - بەستە يېشىل ئەل تامان ئۇچتى.

كەتتى قىردىن تۇرنىمۇ بوشاپ قالدى تەبىئەت
كېزەر سوغۇق دالادا ئۆلۈك خازانلار پەقەت.

كەھرىۋادەك ياش تۆكۈپ قالدى دەل - دەرەخ بۇندا،
نە قىلسۇن، ئۇچاي دېسە، بولمىسا قانات ئۇندا.

1964 - يىل

# يولۇم باشلار...

يولۇم باشلار، كېتەرمەن بىر كۈن
سەندىن يىراق، ئۆزگە تامانغا.
ئۆي يېنىدىن ئۆتكەندە ئاستا
كۆز تاشلارسەن قۇرۇق ماكانغا.
بەلكى ئۇ كۈن كۈرىسىدا يەككە
تۇرغان بولار ئۆزگە بىر ئادەم.
بەلكى ئۇمۇ يېتىپ تۆشەككە،
خىيال سۈرەر ئېھتىمال شۇ دەم.
بەلكى ئۇنى ئوخشىتىپ ماڭا،
چاقىرارسەن نامىمنى ئېيتىپ.
ئىشەنمەسسەن بەلكى كۆزۈڭگە،
بەلكى سۆزگە باقماسسەن قايتىپ،
دىلغا تولغان دەرد كەبى سۆيگۈ،
قىيناۋەرمەس سىزلەرنى يەنە.
كوچىلاردا يار ئەمەس، ئەمدى
ئۇچرىشىمىز بولۇپ بىگانە.



قالماسمىدۇ بىزدىن ھەتتا مۇڭ،
ياكى بىرەر خاتىرە ئېنىق.
ئىشەنمەيمەن، باشلىنىشىغا،
مۇھەببەتتىن سوڭ بىگانىلىق.

1964 - يىل

## قوي دوستۇم...

قوي دوستۇم، تىللا رەڭ شارابتىن ماڭا،
قۇيغىن، شانلىق ئۆلپەت كۆرسەتسۇن كۈچىن.
ئىچەي، ئاتىجانىم دېھقان ھەققىگە
بۇغداي خامىنىنىڭ باقلىقى ئۈچۈن.
لازىمى يوق ماڭا ئارتۇق نەرسىنىڭ،
بېشىمغا نۇر چېچىپ تۇرسىلا ئاپتاپ.
ئاشۇ مېھنەتكىشىم ئامان بولسىلا،
قۇيۇلۇپ تۇرسىلا غەزەل ۋە شاراب...

1964 - يىل



## شۇنداق ياشار ئادەتتە ئادەم

يوق لازىمى، يوقتۇر لازىمى،
ماڭا ئارام ئىستىمەڭ دوستلار.
خىلۋەت ساز دەپ قىستىماڭ دوستلار،
لازىم ئەمەس بۇنداق كۆڭۈل ئارىمى.
مەن ناگىھان خىيالغا پاتسام،
ۋە ئۇخلىسام ئويغىتىڭ دەررۇ،
نامىم ئاتاپ سۆز قىلىڭ دەررۇ.
مەن بىھۇدە بىر ياققا بارسام،
قوللىرىمدىن تۇتۇپ ئاشۇ دەم.
كۈرەشلەرنىڭ سېپىگە قوشۇڭ،
قۇر، يارات، تولۇلا، جۇش ئۇر، دەڭ،
شۇنداق ياشار ئادەتتە ئادەم.

1965 - يىل

# ئايال

يىگىتلەر مەكتۇپىن پۈتكەندە قاندىن
كېلىنلەر پىراقتا چەككەندە ئاھۇ.
ئۇنىڭ ھەم پاناھى قايتمىدى جەڭدىن،
ئون توققۇز يېشىدا تۇل بوپ قالدى ئۇ.

سۆيگۈدىن يېتىم ھەم، ئۆمۈردىن يېرىم
قۇرىغان كۆكسىدە يالغۇز بۆلەنچەك.
قاراڭا، ئەبەدىي پىراقنى دوستلار،
ئەبەدىي ۋىسال دەپ بىلدى كېلىنچەك.

چاڭقىغان لەۋلەردە يالقۇنلۇق نەپەس،
كېچىلەر كەچمىشىن ئەيلىدى كۆمۈر.
پەرىشان چاچلىرى يار كۆكسى ئەمەس،
سۆز كەبى ياستۇقتا قالدى بىر ئۆمۈر.

ئۆتتۈۋەردى يىللار، ئۇ ھامان يالغۇز
ئۆتتى ھەر كۈنىمۇ مۇڭ ۋە ئازابتا.



ئەي نامەرد تەبىئەت، بارمۇ سەندە ھېس
قايتىدىن بەخت بەرسەڭ بولماسمۇ ئاڭا.

شۇنچە رەھىمسىزمۇ ئىشىق قىسمىتى،
شۇنچىلىك بۈيۈكمۇ ۋاپا شىۋىسى①.
ساڭىدۇر ھۆرمىتىم، ساڭا شەرىپىم
قەھرىمان جەڭچىنىڭ سۆيگەن بېۋىسى②.

سىزچۇ، ئەي ساداقەت سەتىرىدىن زارلاپ،
نادامەت ئىلكىدە قالغانلار، ئېيتىڭ.
ئۆزىنى مىڭلىغان بازاردىن ئېلىپ،
مىڭلىغان بازارغا سالغانلار، ئېيتىڭ.

شۇ چولپان كۆزلەرنىڭ بۈيۈك ھۆرمىتى
دەپ شاھىت راست سۆزگە شۇ ھېقىق لەۋلەر،
سۆزلەڭچۇ، ۋاپانىڭ نادىر قىسمىتىن
سىز ھەم كۈتكەنمۇ سىز بىرەر سانىيە؟!

بەزىدە تىرناقلار بېزىكى ئۈچۈن
سەھەردىن شامغىچە قىلىسىز تاقەت.
بىراق يارىڭىزنى كۈتكىلى نېچۈن
تېپىلماس تىرناقچە سەبرۇ قانائەت.

① شىۋە — رەسمى، يوسۇنى، قائىدىسى
② بېۋە — تۇل ئايال.

نازاكەت پەيتى ئەمەس، يېقىنراق كېلىڭ
بۈيۈك زات ئالدىدا قىلىڭىز سالام،
شۇ سادىق ئايالغا سەجدىلەر قىلىڭ،
شۇ سادىق ئايالغا ئەيلەڭ ئېھتىرام.

ھەتتا زىبۇزىننەتنى يۇلۇپ ئالغانچە،
ھەيكەلمۇ قويىدۇرۇڭ مىسكىن بىر خىيال.
شۇنداقلار بولمىسا ئەگەر دۇنيادا
بۇ قەدەر مۆھتەرەم بولمايتتى ئايال.

1965 - يىل.



## داۋاز

بۇلۇتلارغا ياندىش، ئاسمان ئاستىدا
كىرپىكتىكى ياشتەك تۇرىدۇ داۋاز.
قىلىچىنىڭ بىسىدەك ئارقان ئۈستىدە
كۆزنى چىڭ يۇمۇپ ماڭىدۇ داۋاز.

ئادەملەر، ئادەملەر ئۇنى ئالقىشلاڭ،
قاراڭا نەقەدەر چەبدەس، جەسۇر ئۇ.
بىزچۇ، ئاھ، كۆزىمىز ئوچۇق تۇرۇپمۇ،
ئەپلەپ ماڭالمايمىز چوڭ يوللاردىمۇ.

1965 - يىل

## ھايات ئىشقى

ئاۋات چايخانىدا چازا قۇرۇشۇپ
جەم بولۇپ تەڭتۇشلار، يايرىشار چاللار.
ئېگىلىپ، پۈكۈلۈپ بەختىم بارمۇ دەپ
سەرەڭگە قېپىنى تاشلىشار چاللار.

ھالبۇكى كەينىدە قالدى بۇ دۇنيا،
ماڭلايدا بارىنى كۆرگەن بۇ چاللار.
يەنە قانداق بەختىنى كۈتىدىكىنتاڭ،
ھەربىرى توقسانغا كىرگەن بۇ چاللار.

1965 - يىل



## تۈن

تاشقىرىدا يامغۇر شىرىلدايدۇ جىم،
كۆرۈنمەس نەچىراغ ۋە نەبىر زىيا.
دېرىزەمنى بىرى چېكىۋاتقاندەك،
قانداقتۇر چاش بېسىپ كەلگەندەك گويا.
ئۆزۈمنى تۆشەككە ئاتىمەن شۇ ئان
ئورنىمىپ ئالىمەن تەشۋىشتە ئەنسىز.
شىلدىرلار قاراڭغۇ ھويلىدا خازان،
كىمدۇر دېرىزەمدىن كەتمەيدۇ ھەرگىز.
ياقىمەن چىراغنى بېرىپ بىتاقەت
بىھۇدە سېزىلەر گويا ۋەھىمەم.
يامغۇر يالتىرايدۇ نۇردا ئاقىرىپ،
تەسەللى چۈلغايدۇ دىلىمنى شۇ دەم.
لىپىلداپ ئۆچىدۇ چىراغىمۇ ئاخىر
نەدىدۇر شالدىرلاپ ئېگىلىدۇ تال.
ئېغىر ھاسىرايدۇ كىمدۇ تالادا
بىردىن دېرىزەمنى قاپلايدۇ خىيال.

كىمسەن، ھەي، تۈنلىرى مېنى پايلىغان
مەكرىگە باغلىغان ياۋۇز دەر بەدەر.
كىمسەن، ھەي، روھىمنى مەغلۇپ ئەيلىگەن،
مەغرۇر يۈرىكىمگە تاشلىغان نەزەر.
يالۋۇرۇپ كېتىمەن كىمگىدۇر يەنە،
بىر پەس ئىرادەمنى قىلىمەن بىكار.
بىر پەس ئۆزلۈكۈمدىن قالىمەن تىنىپ،
بىر پەس ئاجىزلىقتا بولىمەن ئىقرار.
گۇناھكار بەندىدەك تىترەپ، لاغىلداپ
كىمدىندۇر سورايمەن سوڭغى ھىمايە.
شامالمۇ ھۇۋۇلايدۇ نېمىدۇر تىلەپ
بىردىن يەنە كىملەر ئۇ مەشئۇم سايە.
تولغىنىپ كېتىدۇ بەزەن يۈرىكىم،
نېمىنى خالايسەن، سۆزلە، ھەي دەيدۇ.
ئاستا پىچىرلايدۇ شۇندا ئاللىكىم:
— ئەجابا، ماڭا ھېچ رەھىمىڭ كەلمەيدۇ...
يامغۇرمۇ ساۋايدۇ مېنى شەپقەتسىز،
شامال ھەم ھالىمدىن كۈلگىنى كۈلگەن.
باشپاناھ بەر ماڭا، مەنكى — ۋەھىمە،
باتۇرلار قەلبىدىن سۈرۈپ ـ ھەيدەلگەن...

1965 - يىل



# چوڭ بولۇش

(ھەزىل)

بەكباش ئىدىم بىر چاغلاردا مەنمۇ
بوشمايتتى ئويۇندىن قولۇم.
كۆپ نەسىھەت قىلاتتى ئاتام:
«بىزە ئېغىر بولغىنا ئوغلۇم.
چوڭ بوپ قالدىڭ قانداق بولمىسۇن.
تۇتۇۋالغىن ئۆزۈڭنى ئەمدى.»
يىللار ئۆتتى، لاغايلاپ تالاي،
تۇتۇپ ئالدىم ئۆزۈمنى ئەمدى.
ئەمدى شوخلۇق قاياقتا دېيىسىز،
يۈرۈشلىرىم سىپايە، ئويچان.
قىيغىتاتتىم بىر چاغدا ھەريان،
ئەمدى پەرقسىز مەن ئۈچۈن چوقان.
مىڭ ئويلايمەن قىلار سۆزۈمنى،
ئاقىۋىتىن كۆرەر كۆزلىدىم.

ئاۋايلايمەن دائىم ئۆزۈمنى
ياش ئەمەسمەن ئەمدى دوستلىرىم،
كېرەك بولۇپ قالار بىر كۈنى
ھېچكىمنىمۇ يامان دېمەسمەن.
قورقاق دېمەڭ دوستلىرىم مېنى،
ئەمدى ئاخىر گۆدەك ئەمەسمەن.
ئەمدى دىلدا ھاكىمدۇر تاقەت.
ھۆرمەتنى ھەم ئۆگەندىم مانا:
ئانامنى سەن دەيتتىم بىر چاغدا،
ئەمدى بولسا سىز دەيمەن ئانا...
يېتەكلىمەس ئەمدى تۇيغۇلار،
تۇرمۇشۇمدا قەتئىي قائىدە.
ئەمدى بولسا ھۆرمەت جايىدا
ئىشلار شۇنداق يارىشىسا قاراڭ،
بەلكى ئەرباب بولۇپ قالارمەن.
تۇتۇپ ئالدىم ئۆزۈمنى ئاران
ئەمدى ھەرگىز قويۇپ بەرمەيمەن.

1965 - يىل



## ئۆتۈنىمەن...

ئۆتۈنىمەن
يىراقلاردىن مەن
ھۇزۇرۇڭغا سېغىنىپ كەلسەم،
تەلپۈنسەمگە كۈلۈپ چىقىنىسەن
يوشۇرما ھېچ شادلىقىڭنى، ھەم

ئۇزاقلارغا ئاتلانسام يەنە
سەپەر تونىن كىيسەم ئەتە - كەچ،
ئۆتۈنىمەن، ئەركەم شۇ چاغدا
يوشۇرمىغىن كۆز يېشىڭنى ھېچ.

1965 - يىل

# جىمىرلايدۇ بىر كىچىك يۇلتۇز

كۆك گۈمبىزىنىڭ چېتىدە
بوشلۇقلارغا ئۇرۇپ باش.
جىمىرلايدۇ كىچىك يۇلتۇز،
تەنھالىقتا تۆكۈپ ياش.

ئەتراپىدا نە بىر يۇلتۇز،
نە بۇلۇت بار، نە تۇمان.
يۇلتۇزلارغا تەلمۈرۈپ ئۇ
تىترەپ تۇرار شامسىمان.

ھەي، بىچارە، ياشاش نېچۈن
پارلىمىساڭ، كۆلىمىسەڭ.
ئۆز توپىڭدىن نېچۈن ئۇچتۇڭ،
قايتىش يولىن بىلمىسەڭ؟!

1965 - يىل



# تىللا بېلىقچە

تۇخۇمدىن چىقتىيۇ كەلتۈرۈپ ئۇنى
شۇ لايقا كۆلچەككە تاشلىدى دەرھال.
تاشلاندۇق ئۇۋاق يەپ ئۆتتى ھەم كۈنى
ئۈستىگە يېپىلدى خارۇ خەس، پاخال.

دۇنيادا كۆرگىنى ئاشۇ تار كۆلچەك،
مۆگدىگەن تاللارنىڭ ئاچچىق خازانى.
ماڭا ئەلەم قىلار، تىللا بېلىقچە
بىر كىچىك كۆلچەك دەپ بىلەر دۇنيانى.

1965 - يىل

## خەت يازمىدىم

خەت يازمىدىم، خەۋەر قىلمىدىم،
بارالمىدىم تالاي پەيت كەتتى.
قانداق ئىكىن ئانام، بىلمىدىم،
ئىنتىزاردۇر يولۇمغا بەلكى.

خەت يازارمۇ ئوغلۇم دەپ ھامان
نەدىدۇر ئۇ تۇرغاندۇر كۈتۈپ.
مەنچۇ، ئەپسىز، بولۇپ ئاۋارە
ئەۋلادلارغا يازىمەن مەكتۇپ.

1966 - يىل



## ھايۋانات باغچىسىدا

بەزىدە ئاجايىپ دۇنيانىڭ ئىشى
كىممۇ بۇ سەۋدانى ئويلاپ كۆرۈپتۇ،
ھايۋانات بېغىدا بىر تەلۋە كىشى
مايمۇننى مەسخىرە قىلىپ تۇرۇپتۇ.

1965 - يىل

## تەبىئەت

ئۇزاقلاردا قالدى تۇغۇلغان ئۆيۈم
ئەجەب بالىلىقىم قالدى ئۇزاقتا.
قالدى ئۇزاقتا كۆمۈلگەن ئۆيۈم
قالدى سىڭىللىرىم بەرى يىراقتا.
ئەمدى مەن ئەسلەيمەن كۆزلىرىمدە نەم
ئاشۇ يىللىرىمنىڭ ئاتەش سېھرىنى.
سېغىنىپ تەلپۈنىمەن گاھى - گاھى دەم
سىرداش سىڭىللىرىم مەيۈس مېھرىنى.
شۇنداق پەيتتە ئۆزۈڭ ئەيلىگىن شەپقەت،
سىڭىل بولۇپ قالغىن ماڭا تەبىئەت.

ئەقلىم تونىدىمۇ قېشىمدا شۇ كۈن
جەسۇر ئاكىلىرىم سېپىنى كۆردۈم
ئۇلارنىڭ بىرى باتۇر ھەم قەيسەر
مەن ئۇلار سېپىگە شېئىر ئىلە كىردىم.
ئەمدى مەن ئەسلەيمەن، كۆزلىرىمدە نەم
ئاشۇ دەۋرانلارنىڭ ئاتەش سېھرىنى.



ئەسلەيمەن تەلپۈنۈپ گاھى - گاھى دەم
جەسۇر ئاكىلىرىم ئوتلۇق مېھرىنى،
شۇنداق پەيتتە ئۆزۈڭ ئەيلىگىل شەپقەت،
ئاكا بولۇپ قالغىن ماڭا تەبىئەت.

ئۆتكەن كۈنلىرىمگە بېقىپ مۇنتەزىر
سېغىنچتا يانار يانغان بۇ جېنىم.
ئەپسۇسكى، يېنىمدا ئەمەسسىز ھازىر
دانىشمەن ئۇستازىم — سىز ئاتا جېنىم.
ئەمدى مەن ئەسلەيمەن، كۆزلىرىمدە نەم
ھېكمەتلىك سۆزلەرىنىڭ ئاتەش سېھرىنى،
ئەسلەيمەن، تەلپۈنۈپ گاھى - گاھى دەم،
دانىشمەن ئاتامنىڭ شەپقەت، مېھرىنى.
شۇنداق پەيتتە ئۆزۈڭ ئەيلىگىل شەپقەت
ئاتا بولۇپ قالغىن ماڭا تەبىئەت.

ئۆتكەن كۈنلىرىمگە بېقىپ مۇنتەزىر
سېغىنچتا يانار، يانغان بۇ جېنىم.
ئەپسۇسكى، يېنىمدا ئەمەسسىز ھازىر
دانىشمەن ئۇستازىم — سىز ئاتا جېنىم.
ئەمدى مەن ئەسلەيمەن، كۆزلىرىمدە نەم
ھېكمەتلىك سۆزلەرىنىڭ ئاتەش سېھرىنى.
ئەسلەيمەن، تەلپۈنۈپ گاھى - گاھى دەم
دانىشمەن ئاتامنىڭ شەپقەت، مېھرىنى.

شۇنداق پەيتتە ئۆزۈڭ ئەيلىگىل شەپقەت
ئاتا بولۇپ قالغىن ماڭا تەبىئەت.

مەن ئەزىز ئانامنى تۇپراققا قويدۇم
تېخىچە تىنمىدى كۆزدىكى يېشىم.
ئۇزاق كېچىلەردە ھىجراندا كۆيدۇم
ئەمدى قايسى كۆكرەككە قويىمەن بېشىم،
ئەمدى مەن ئەسلەيمەن، كۆزلىرىمدە نەم
ئانا دېگەن سۆزنىڭ قايتماس سېھرىنى،
ئەسلەيمەن تەلپۈنۈپ ھەر چاغ، ھەر قەدەم
ئانام قۇچىقىنى، ئانام مېھرىنى.
شۇنداق پەيت ھەم ئۆزۈڭ ئەيلىگىل شەپقەت
ئانا بولۇپ قالغىن ماڭا تەبىئەت.

1966 - يىل



## نەي

ياشنايتتى ئۇ تولۇپ ئېدىردا،
شاۋقۇنلارغا ئاچقانچە قۇچاق.
ۋە ئادەملەر كېلىپ بىر كۈنى
بەدىنىگە سېلىشتى پىچاق.

ئايرىۋەتتى ئاۋۋال كۆزىدىن،
ئاندىن ئالدى باغرىنى ئويۇپ.
يەتمىگەندەك بۇمۇ، بوغۇزىدىن،
پۈۋلەشتى ھەم لەۋلىرىنى قويۇپ.

كۆرمىگەنتى بۇنچىلىك خورلۇق،
ھەتتا ئاياز تىلغاندا يۈزىدىن.
چىدىيالماي ئەلەمگە شورلۇق
نالە قىلدى توختىماي، ئۇزۇن.

ئادەملەرچۇ، توپلاندى شۇئان
پەريادىغا قىلالماي تاقەت.
بىر قومۇشنى يەغلىتىپ شۇنچە
ئاندىن ئۆزلىرى قىلىشتى راھەت.

1966 - يىل



# قويغىن، ئۇ كۈنلەرنى

قويغىن، ئۇ كۈنلەرنى ئەسلەتمە ماڭا،
قەلبىمنى ئۆرتىمىسۇن بۇ خازان پەسلىڭ.
ئەمدى بىگانە مەن جىنىم، مەن ساڭا
ئەمدى بىگۇناھدۇر ماڭىمۇ ۋەسلىڭ.
گاھىدا سۆيۈنۈپ، گاھىدا غەمدە
ئىشىق ئۈززە يايىتتىم مەن ئەركىن قانات.
بىلمەيمەن، قايسى كۈن، قايسىبىر دەمدە
مېنىڭ قىسمىتىمگە چاڭ سالدى سەييات.
ئۇنىڭ قولىدىدۇر بۇ كۈن ئىمكانىم،
بۇ كۈن ھەمراھىمدۇر گۈزەل ئىزتىراپ.
قويغىن، ئۇ كۈنلەرنى ئەسلەتمە جېنىم،
قويغىن، يۈرىكىمگە بەرمىگىن ئازاب.
ئۆزگىلەر يۈزۈمگە باقسىمۇ ھەيران
سەن پەقەت تاماشا قىلما ھالىمنى.
سەن پەقەت شېئىرىمنى سۆيمە ھېچقاچان،
سەن پەقەت ھىمايە قىلما نامىمنى.

ئايغىن جىلۋە ھەم نازاكەتلىرىڭ
سەن پەقەت يۈزۈمگە باقمىغىن كۈلۈپ.
ھايھات، ئەمدى بارچە ئىلتىپاتلىرىڭ
تۇيۇلىدۇ ماڭا مەسخىرە بولۇپ.

1966 - يىل



## چېچىلىدۇ ئويلىرىم سەنسىز

چېچىلىدۇ ئويلىرىم سەنسىز
خىيالىمغا تارغاق سالالايمەن.
مېنىڭ قولۇم يەتمىگەن يۇلتۇز،
چۈشلىرىمدە سېنى كۆرگەيمەن.

ئىگەمدىسەن، تاغلار قەھرىدىن،
چاقىرسەن مېنى ئىلگىرى.
يالۋۇرىمەن، ئەرۋاھ كەينىدىن
ئىنتىلگۈچى گاملىت سىگىرى.

مەيلى باراي مەھشەرگىچە مەن،
مەيلى باراي بولۇپ ئاۋارە.
سېنى سوراپ قويمىسا نىتەي،
يەردە قالغان سۆيگۈ بىچارە.

1966 - يىل

# خەير ئەمدى...

خەير ئەمدى...
قەلبىمدە بىر ۋىدا قالدى.
خەير ئەمدى، سەن كەتتىڭ، بىگۇناھ ئاھۇ.
بۈگۈن سەن نەدىسەن، نەلەردە قالدىڭ؟!
بۈگۈن باش ئۈستۈڭدە پاناھىڭ كىمدۇ؟!
سىنى كەچ تاپقانتىم، بالدۇر يوقاتتىم.
قارغىشىن، لايىقمەن سىنىڭ قەھرىڭگە.
ئۆزگىلەر قەلبىدە قەدرىڭ ئويغاتتىم،
بىراق يېتەلمىدىم ئۆزۈم قەدرىڭگە.
ئاھ، ئىنسان قىسمىتى نەقەدەر چىگىش،
نەقەدەر خىلمۇ خىل، پاجىئە، ھازا.
قىسمىتىم، ئۆزۈممەن گۇناھكار بۇ رەت،
ناھات گۇناھكارغا لايىقدۇر جازا.

— خەير ئەمدى...
قەلبىمدە بىر ۋىدا قالدى،
خەير ئەمدى سەن كەتتىڭ بىگۇناھ ئاھۇ،
بۈگۈن سەن نەدىسەن، نەلەرنە قالدىڭ؟



سەن بۈگۈن كىملەرنىڭ مەسۇم ھەمراھى؟!
قايسىبىر ئادەمنىڭ بەختىگە يارسەن،
ئېچىلدىمۇ ساڭا تەلەي باغچىسى؟!
بۈگۈن سەن كىملەرنىڭ مېھرىگە زارسەن،
مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ مەجرۇھ پارچىسى؟

1966 - يىل

## يامغۇرلۇق كۈن ئىدى...

يامغۇرلۇق كۈن ئىدى،
ھەممە ياق جىمجىت،
مەيۈس كۆزلىرىڭگە باقاتتىم سەرمەست①.
ئاستا پىچىرلىدىڭ: — باقمىغىن يىگىت
سۆيگۈڭ مەن ئۈچۈن يېڭىلىق ئەمەس...

يامغۇرمۇ تىنمىدى ئاشۇ كۈنى ھېچ،
ھەيدىيەلمىدى ئۇمۇ ئۇيقۇڭنى،
سوغۇق ۋە نەم خانەمگە شۇ كەچ،
ئېلىپ قايتتىم مەن ئىزتىرابىڭنى.

تۈندىمۇ جىمغىنا ياش تۆكتى ئاسمان
ئۇ مېنىڭ ھالىمغا يىغلار ئىدى، بەس!
بەس، دوستۇم مەن ئۈچۈن چەكمىگىن پىغان،
سېنىڭ كۆز يېشىڭمۇ يېڭىلىق ئەمەس.

1966 - يىل

① سەرمەست — خۇش كەيپ، مەستخۇش.



## شائىرلار ھاياتى

(ھەزىل)

شائىرلار سۈرىتى تۇرىدۇ قاتار،
مانا بۇ لېرمونتوۋ، مانا بۇ پۇرقەت.
دۇنياغا سىغمىغان زاتلار ئامالسىز،
ھە، بۈگۈن رامكىدىن قارىشار پەقەت.

نېمە قىلالىغاي بىر جانسىز بوياق،
پارچىلاپ تاشلايتتى تىرىك بولغاندا.
شائىرلار ھاياتى ھەمىشە شۇنداق،
رامكىغا چۈشىدۇ پەقەت ئۆلگەندە.

1966 - يىل

# جەننەت

(ھەزىل)

چۆچەك دېگىنى بۇ — بالىغا ئەرمەك،
چۆچەك دېگىنى بۇ — شېرىن ئەقىدە.
مەن بىر كۈن ئۇكامغا ئېيتتىم بىر چۆچەك،
ئەپسانىۋى جەننەت ھەققىدە.

كەۋسەردىن سۆزلىدىم ئۇنىڭغا ئاۋۋال،
ماختىدىم ھارغىچە شېرىن - شەربەتنى.
دەم ئۆتمەي تۇردى يىغلىغىلى ئۇ،
تېپىپ بەر ماڭا دەپ ئاشۇ جەننەتنى.

نېمىمۇ دەر ئىدىم، شۇنداق ئويلىسام
چۈشۈپتىمەن ئۆزۈم قۇرغان تۇزاققا.
ئۇ دېسەم بۇ دەيدۇ، بۇ دېسەم ئۇنى،
ئاخىر تاتلىق بېرىپ باشلىدىم باغقا.



جەننەت دەپ كۆرسەتتىم باغچىنى ئاڭا
مەيلى، بالىغا بۇ ئويۇن بولىدۇ.
لېكىن چوڭلارغا چۆچەك ئېيتقۇچى بولماڭ،
ئۇلاردىن قۇتۇلۇش قىيىن بولىدۇ.

1966 - يىل

## ئاھ ئۇرۇپ ھەر ياندا...

ئاھ ئۇرۇپ ھەر ياندا تېنەيدۇ شامال
زامان - ماكان بەرمەي ئۇنى قىستايدۇ.
ئارزۇسى شۇ ئۇنىڭ، ئۇمۇ تاغ مىسال،
دىلى ئارام ئېلىپ ياتماق ئىستەيدۇ.

تەڭلىكتە ئىگىزىيدۇ تاغلارمۇ، ئەمما
كوھىستان باغلىرىدا تاپالماس ئىلاج.
ئارمان قىلار ئۇمۇ شامالدەك گويا
يېشىل ۋادىلارغا يايسام دەپ غۇلاچ.

1967 - يىل



## دۇنيا بىر گۈلزاردۇر...

دۇنيا بىر گۈلزاردۇر كەڭ ۋە تەگداشسىز،
يۇلتۇزلار غۇنچىدۇر ئۇنىڭ ئۇچىدا.
قورچاقنىڭ ئىچىدە بىر قورچاق كەبى
گۈللەر ئۆستۈرىمىز ئۆينىڭ ئىچىدە.

دۇنيا بىر بالىدۇر شوخ ۋە تەگداشسىز،
شادلىق ھەم كۈلكىدۇر ئۇنىڭ ئىستىكى.
قورچاقنىڭ ئىچىدە بىر قورچاق كەبى
بەس، بولۇپ قالمىساق ئۇنىڭ ئەرمىكى.

1967 - يىل

# ئۆزۈمنى مۇزبىينىڭ

ئۆزۈمنى مۇزبىينىڭ باغرىغا ئۇردۇم،
ۋە شۇئان شۈكرانە ئېيتىپ قايتتىم مەن.
كىملەردۇ كۆرمىگەن بەختنى كۆردۈم،
كىملەردۇ ئېيتمىغان سۆزنى ئېيتتىم مەن.

ئاجايىپ كەلگۈسى كۈتمەكتە مېنى،
ئىقبالىم، بەختىمدۇر ئاشۇ كەلگۈسى.
مەن كۆرمىگەن بەختنى كىمدۇر كۆرگۈسى،
مەن ئېيتمىغان سۆزنى كىمدۇر ئېيتقۇسى.

1967 - يىل



# نېچۈن تۇم قارا ئەرمەن كۆزلىرى

نېچۈن تۇم قارادۇر ئەرمەن كۆزلىرى،
ماھىر تەبىئەتنىڭ سېھىرىمىكىن بۇ؟
يا گۈزەل بولسۇن ئەرمەن قىزلىرى، —
دېگەن ئانىلارنىڭ مېھرىمىكىن بۇ؟

ياق، بۇ مېھىر ئەمەس، سېھىرمۇ ئەمەس،
بۇ كۆزلەر ئۆزىنى قىلىپ قويار پاش.
يىغىدىن بولارمىش كۆزلەر تۇم قارا،
ھېچكىم ئەرمەنچىلىك تۆكمىگەن كۆز ياش.

1967 - يىل

# ئاھۇ

ماكانىڭ بولۇپتۇ تاغلار ئارىسى،
سەنسەن گۈزەللىك ئەسلى، سەرەسى①.
مەيۈس يۈرىكىڭدە ئىشق يارىسى،
سەنمۇ بىر ئاشىقمۇ ياكى ئاھۇ جان.

دەريالار قويندا نىمە ئىستەيسەن،
نىچۈن دائىم غەمكىن، دائىم مۇستەرسەن②.
لەتىپ، شىجائىتىڭ نەگە قىستارسەن،
سەنمۇ بىر ئاشىقمۇ ياكى ئاھۇ جان.

ياق، سەن ئىزدىمەيسەن تاغلاردىن ماكان،
ۋە نە گۈزەللىكىڭ ئۈچۈن شۆھرەت ـ شان.
ئوۋچى جەبرى ساڭا بەرمەيدۇ ئىمكان،
سەنمۇ بىر ئاشىقمۇ ياكى ئاھۇ جان.

① سەرە — ئېسىلى، سەرخىلى.
② مۇستەر — مۇڭلۇق.



قوي جىنىم، كۆزۈڭنى تولدۇرما ياشقا،
قوي تاڭدا پۈتۈڭنى ئېگمىز بىر تاشقا.
سىنى قوياش ئۆزى كۆتۈرگەي باشقا،
سەنمۇ بىر ئاشىقمۇ ياكى ئاھۇ جان.

1967 - يىل

# گۈزەللىك

كۆز پەسلىنىڭ نەمدىك ئاخشىمى ئىدى،
باغلار ئاستاغىنا چېكەر ئىدى ئاھ.
روھىمدا بىر خازان مەۋسۇمى ئىدى
ئەجەب گۈزەللىككە دۈچ كەلدىم ناگاھ.
مىسلى خىيال ئىدى ئۇ مەلەك سىما،
چىراي ئالمىنىڭ تەڭسىز سەيقىلى①.
كۆزلىرىم ئالدىدا تۇراتتى گويا،
ناۋايى غەزىلىنىڭ تىرىك ھەيكىلى.
بىر پەس كۆزلىرىمدىن يوقالدى ئۇيقۇ،
بىر پەس باھار كەبى يورۇدى ئالەم.
بىر پەس خىيالىمدىن چېكىندى قايغۇ،
بىر پەس يۈرىكىمدىن كەتتى غەم - ئەلەم.
بىر پەس گۈزەللىكنىڭ ھوزۇرىدا جىم،
ساماۋى ھېسلارغا بولۇپ قالدىم بەند.
ئەي دانا تەبىئەت، ئەي بۈيۈك ھاكىم،

① سەيقەل — بېزەك، زىننەت.



ھېكمەت كۆرمىدىمەن سەن كەبى پەقەت.
ئۈزۈك يۈرەكلەرگە سىڭدۈرۈپ مۇڭنى.
خالاس ھەم قىلۇرسەن رەھىم ئەتكەن دەمدە.
شۇنداق گۈزەللەرنى ياراتمىساڭ گەر
قالاتتۇقمىكىنتاڭ مەڭگۈلۈك غەمدە.

1967 - يىل

# ئانا

كۆكتىن يۇلتۇز ئاقسا بەزىدە
ئېپ كەتتى دەر تەقدىر كىمىندۇر.
بۇنداق غەمنى كۆتۈرمەك ئاسان
بۇ، بەلكى بىزنىڭ ھەققىمىز دەدۇر.

بەزەن تۈندە كۆككە تىكىپ كۆز
دەيمەن ئەسلەپ ئانامنى شۇئان،
ئانا كەتسە، يۇلتۇزغۇ، ھەتتا
غۇلاپ چۈشسە ئەرزىيدۇ ئاسمان.

1967 - يىل



# تېپىشماق

ئىدراكىم بارىچە ياشىدىم پەقەت
دۇنيا كەڭرى ئىكەن، قەۋەتمۇ قەۋەت،
يالغۇز بىر تېپىشماققا يەتمىدى ئەقلىم،
نەدە تۇغۇلدۇم، بىلمىدىم، ھەسەت.

1968 - يىل

# ئەلىشىرنىڭ ئانىسى

(بالىلارغا)

بىلمەيمەن قانداق ئايالكەن
ئەلىشىرنىڭ ئانىسى.
بەلكى ئۇنىڭ ئەقلىگە لال
بولغاندۇ زامانىسى.
بەلكى ئۇنىڭ كۆزلىرىدە
بولغان ئېغىر بىر خىيال.
بەلكى غەمكىن بىر زاتتۇر ئۇ
بەلكى خۇش خۇي بىر ئايال.
بەلكى بۈيۈك پەرزەنتىگە
تېرىپ كەلگەن چېچەكلەر.
بەلكى تۈنلەر ئاڭا بىدار
ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەر...
مەيلىغۇ ئۇ كىم بولسۇن
يالغۇز بىر سۆز مەناسى.
ئەلىشىرنىڭ ئانىسى ئۇ،
ئاۋايىنىڭ ئانىسى.

1968 - يىل



# خاتالار

ۋاتېرلوئادا خاتا قىلدى ناپولېئون
جاھانگىرنىڭ كەتتى شۇ كۈن ئامىتى.
مانا، ئۆتسە ھەم نەچچە بىر زامان
ئۇ ھەقتە سۆزلىمىگەن ئادەم قالمىدى.

تۆمۈر پەيغەمبەرلەر قىساسى ئۈچۈن
يەتمىش مىڭ ئىنسانىنىڭ ئالدى بېشىنى.
ئۇنى قارغاشتى خاتاسى ئۈچۈن،
ھامان ئاتماقتا تەنە تېشىنى.

...خاتا قىلغان بولسام كەچۈرگىن بالام،
يۈز يىل ئۆتسىمۇ سوزۇۋەرمە بەس.
كۆرۈپ تۇرۇۋېسەڭمۇ مەن ئاددىي ئادەم،
ناپولېئون ئەمەسمەن، تۆمۈر ھەم ئەمەس.

1968 - يىل

# خاتىرىلەر

ئۆيدىن كەتكىنىمگە بولۇپتۇ ئون يىل
ئون يىل يۈرۈپتىمەن يۇرتۇمدىن يىراق.
مەن يۈرگەن يوللاردا ئوتلار ئۈنۈپتۇ،
كۆمۈلۈپ كېتىپتۇ مەن كەزگەن سوقماق.

ياشلىق چېغىم ئىدى، شوخلۇقۇم تۇتۇپ
ئىسمىمنى ئويغانتىم بىر تۈپ تېرەككە.
ئۇمۇ جاراھەتتەك كېتىپتۇ پۈتۈپ،
ئۇمۇ ئېگىزلەپتۇ مەنىسىز يۈكسەككە.

بۇزۇلۇپ تۈگەپتۇ ئاللىقاچانلا
ھويلا كەينىدىكى ئامانەت كۆۋرۈك.
بۇ يەردە مەن بىلگەن ئادەملەرنىڭمۇ
بەزىسى ئەمدى يوق، بەزىسى تىرىك.

بۇ ھالدىن مەن ھەيران بولمايمەن ئەسلا،
دۇنيا بۇ — قوغلاندى ئاھۇدەك يۈگۈرەر.



دۇنيا بۇ — ئەڭ ئاددىي ھۆكمى بويىچە —
كىملەردۇر تۇغۇلۇپ، كىملەردۇر ئۆلەر.

بىراق قەلبىنى باستى ناگاھ بىر سۈكۈت،
ناگاھ بىر ھاياجان ئەزدى دىلىمنى.
ئۆمرۈم يوللىرىنى باسمىغانمۇ ئوت،
خازان كۆممىگەنمۇ ھايات يولۇمنى؟

كۆكسىدىن ئىسمىمنى شۇنچە شەپقەتسىز
ئۆچۈرگىنىدەك شۇ ئاق بەدەن تېرەك، —
باغرىغا ئىسمىمنى يازغان بولسىمۇ
ئۆچۈرمىدىمىكەن قايسىبىر يۈرەك.

ياشلىقىم بىھۇدە ئۆتمىدىمىكىن؟
گۈزەل تۇيغۇلىرىم بارمىكىن تىرىك؟
تۇيۇقسىز بۇزۇلۇپ كەتمىدىمىكىن
قايسىبىر يۈرەككە مەن سالغان كۆۋرۈك؟

يىللار ئۆمرىمىزگە قىلارمۇ شەپقەت؟
بىرەر ئىش بارمىدۇ يادلىغىلى مەن.
قايتا تىكلەش مۇمكىن ھەممىنى، پەقەت
ئۆچكەن خاتىرىلەر تىكلەنمەيدىكەن.

1969 - يىل

# چەكسىزلىك

دېڭىزنىڭ چېگرىسى يوق،
مىليارد يۇلتۇزلارنىڭ ئاخىر پەزا.
ئۇ شۇ قەدەر چەكسىز، شۇ قەدەر بۈيۈك،
خىيالغا سىغدۇرۇپ بولمايدۇ ھەتتا.

بەزەن پەزالارغا باقمەن ئۇزاق
روھىمغا شۇ تۇيغۇ سىغماس جۇش ئۇرۇپ.
چەكسىزلىك يۈرەكنى قىسقاندا شۇ چاغ،
تارغىنا ئۆيۈمگە كېتىمەن كىرىپ.

1969 - يىل



# ئارىمىزدا سەرسان بىر جۈپ قارا كۆز

كۆيدۈمۇ ۋە لېكىن ھىجران تۈنىدە
ساڭا ئەھۋالىمنى قىلمىدىم بايان.
جەمجىت كېچىلەرى كۆزۈم ئۆڭىدا
تونۇش قاراشلىرىڭ بولدى نامايان.

نە سەن نەزەر قىلدىڭ ھالىمغا بىرەر،
نە مەن ئېيتالمىدىم ساڭا بىرەر سۆز.
شۇنداقلا ئۆتمەكتە ئۆمرىمىز بىكار،
ئارىمىزدا سەرسان بىر جۈپ قارا كۆز.

1969 - يىل

## ئىلتىجا

مەيلى ياپقىن يۈزلىرىڭنى سەن،
كىرەك ئەمەس نازلار، ئىمالار.
گۈزەللىكنىڭ قىشىدا ئاخىر
تىز پۈككەنغۇ ھەتتا خۇدالار.

كىمگە پايدا بىھۇدە جۇنۇن
ۋە دۇنياغا غوۋغا سېلىشتىن.
ئايرىلىشتىن قورقمايمەن ئەسلا،
مەن قورقىمەن سۆيۈپ قېلىشتىن.

1970 - يىل



## چارلاش

غېرىب دوستۇم، كەل قولۇمنى تۇت،
يۈرىكىڭگە ياقاي بىر يالقۇن.
كەل بىردەمگە دۇنيانى ئۇنۇت،
كۆتۈرەي سېنى يۈكسەككە بۈگۈن.

پەستە قالسۇن رەزىل خۇي ئەھلى،
پەستە قالسۇن ھۇرۇن بولۇتلار.
يۈرىكىڭدە چاقنىسۇن پەقەت
پارلاق خىيال، ساماۋى ئوتلار.

ئېگىزلىكتە چەرخ ئۇرۇپ ئايلان،
روھىڭ مەڭگۈ تۇرسۇن ياشىرىپ.
ئۆلگەندىمۇ ۋۇجۇدۇڭ بىلەن
كەتمىگەيسەن يەرگە ئارىلىشىپ.

1971 - يىل

## كامان...

بىردىن ئەندىكتى - دە، ئېگىلدى كامان،
ئوق ئۇچتى بەلگىسىز يايلاقلار تامان.
قېرى ئانىسىنىڭ قەددىنى دال قىلىپ
كېتىپ بارار ئىدى پەرزەنت شۇ زامان.

1971 - يىل



## سۇ

(چاقچاق)

بەكمۇ خەلىتە ئىنسان ئۇدۇمى
ئۇ سۇنى بەكمۇ - بەكمۇ سۆيىدۇ.
مىسالى بىرەر جايدا كۆچەت كۆرسىلا،
ئېنىقكى، تېگىگە سۇ قۇيىدۇ.
چاڭقاپ كەلگەندىمۇ بىرەر تەشنا لەۋ
ئەلۋەتتە سۇ ئىچىپ قانغۇچە تويار.
ئېشىپ قالغىنىنى ھەتتا ئاۋايلاپ
گەجگىسىدىن ۋە ياكى بېشىدىن قۇيار.
سۇ ئامبارلىرىنى تۇرمايلى سۆزلەپ،
ئىنسان بۇنداق ئىشنى جايىغا قويار.
بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا قوغلاپ ئىرىنمەي
ئەلۋەتتە ئۇ يەرگە چوقۇم سۇ قۇيار.

خۇش، ئۇندىن كېيىنچۇ،
خۇش ئۇندىن كېيىن،
ئىنسان سۇدىن يەنە قانداق زوق ئالار؟
بىكار قالغىنىدا بەزىدە ئاستا
بىرىنىڭ تېگىگە بىرى سۇ قۇيار.

1971 - يىل



## نەسىھەت

(ھەزىل)

نەسىھەت ئاڭلايمىز ئۆمۈردە قانچە،
ھەتتا بەزىسىنى تارتالمايدۇ ئات.
دوستلار، نەسىھەتنىڭ ئورنى بۆلەكچە،
كۆرسەتمە ئالىدۇ شۇ بىلەن ھايات.

مەنمۇ ھەم ئۆزۈمگە ئۇزاقتىن بۇيان
نەسىھەت قىپ كەلدىم قەتئىي، بىشەپقەت،
چۈنكى بىر نەسىھەت ئاڭلىغان زامان
ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ باشقا نەسىھەت،

1972 - يىل

## سېغىنىش

پايانسىز ئاسمان، پارچە بۇلۇت،
ئېدىر كەينىدىكى يالغۇز ئاياغ يول.
پارچە تەشۋىشلەرنى ئۇنتۇپ، خۇشال،
قايتقۇم كېلىدۇ يېنىڭغا پۈتكۈل.

ئاچچىق، قېرىق قىسمەت شارابىنى ئىچتىم،
سەزدىم ئىختىراسىنىڭ ساماۋى كۈچىن.
دۇنيادا ئادەمزات ياشىماس ئاخىر
پەقەت ئىرادىسىنى سىنىماق ئۈچۈن.

پايانسىز ئاسمان، پارچە بۇلۇت،
ئېدىر كەينىدىكى يالغۇز ئاياغ يول.
پارچە تەشۋىشلەرنى ئۇنتۇپ، خۇشال،
قايتقۇم كېلىدۇ يېنىڭغا پۈتكۈل.

1972 - يىل



## تۇرمۇش تەشۋىشلىرى

(ھەزىل)

تۇرمۇش تەشۋىشلىرى،
تۇرمۇش تەشۋىشلىرى،
بىز سەندىن ئېگىزرەك تۇرالىساقتۇق،
بىز سەندىن ئېگىزرەك يىراقلىسەكتۇق،
بەلكى ئۇخلىسارىدى دۇنيا ئىشلىرى.
تۇرمۇش تەشۋىشلىرى،
تۇرمۇش تەشۋىشلىرى.

خوتۇن ئىشقا بۇيرار،
بالىمۇ يىغلار.
باغچا دەپ نەگىدۇ يىرەمەكمۇ دەركار①
قاسساپ ئاغىنەم بار —
قاراقچى —

① دەركار — لازىم، كېرەكلىك ئىش.

سۆگەنى قوشىسا كۆڭلى ئىنمايدۇ،
ئاخىر قاپىينى يېگىلى بولماس.
ئاھەت سەن بولمىساڭ، تۇرمۇش بولمايدۇ،
تۇرمۇش تەشۋىشلىرى.
تۇرمۇش تەشۋىشلىرى.

ئۇلۇغ پىلانلار بار مەندىمۇ ئاخىر
بىر ئىشنى تاماملاش زۆرۈر.
ئۇندا قەھرىمانىم ئاسمانغا ھاكىم،
كاشكى بىلسەڭ ئىدىڭ شۇنى، بولمىغۇر.
تۇرمۇش تەشۋىشلىرى،
تۇرمۇش تەشۋىشلىرى.

شېرىندۇر شۇ ھايات،
خالىي پىراقتىن.
مەيلى پۈتمىسىمۇ ئۇنىڭ ئىشلىرى،
ئېگىزلەپ كەتسەڭ گاھ
تارتسەن پۈتتىن.
تۇرمۇش تەشۋىشلىرى،
تۇرمۇش تەشۋىشلىرى.

1973 - يىل



# تونۇشلار

(ھەزىل)

شائىرلارنىڭ ئەزەلدىن تونۇشلىرى كۆپ
ئۇلار كەتسە يەنە بارار كۆپىيىپ.
ھەر خىل شەھەرلەردە ياشايدۇ توپ - توپ،
بەزەن گەپ يىغىشىپ، بەزەن گەپ يېيىپ.

بەلكى بىللە ئىچكەن بىر پىيالە چاي،
بولغاندۇر زامان تەلەپ ھەمسۆھبەت.
گەر شۇنداق بولدىمۇ، ئەھۋالىڭغا ۋاي،
تىرىكلا ئۈستۈڭگە ياغدۇرار تۆھمەت.

باشقا چۈشكەندىچۇ بىردىنلا سەۋدا،
ئۇلارنىڭ بىرسىنى قېنى تېپىپ كۆر.
شائىر بۇنداقلارغا قىلمىغىن پەرۋا،
تونۇشسىز قالساڭمۇ شائىر بولۇپ يۈر.

دۈشمەن بولالماسمز ئمككممز ئەسلا،
دوستمۇ بولالماسمز بەلكى ھېچقاچان.
بەلكى ئەمەستۇرسەن سەنمۇ ئىپپەتلىك،
بەلكى ئەمەستۇرمەن مەنمۇ نومۇسچان.

ئمككممز ئۈچۈن ھەم يالغۇز شۇ ئاپتاپ
ئمككممز ئۈچۈن ھەم بېگانە زېمىن.
مەنمۇ سېنىڭ ئۈچۈن پۈتمىدىم كىتاب،
سەنمۇ شۆھرىتىمنى ئەتمەسسەن تەمىن.

كىمگە كېرەك ساختا شەرەپ، نېمىگە؟
نېچۈن مەڭگۈلۈكنى بىھۇدە تەلەپ؟
ئاخىر ئمككممزمۇ سۈگكىي مەزىلگە،
كەتمەسمىز دۇنيانىڭ يۈكىنى يۈكلەپ.

1974 - يىل



# ھەددىم بارمۇ سىزگە...

ھەددىم بارمۇ سىزگە بىر سۆز دېمەككە
ھەتتا ئۆزرە ئېيتىشقا يوق مېنىڭ ھەددىم.
سىزنىڭ ھۆسنىڭىزگە باقىمنى يەككە
قانچە سەۋدالارنى باشتىن ئۆتكۈزدۈم.
سىزگە ئىككى ئالەم پۈتۈنلەي نىسار،
سىز ئالەم، ئادەمدىن يۈكسەكسىز مۇتلەق.
سىزگە پەقەتلا نەلمۇرۇش دەركار،
سىزگە پەقەتلا لازىم سىغىنماق.

1975 - يىل

# باھار سىڭگىكىدۇر

(قىزىم يۇلتۇزغا)

باھار سىڭگىكىدۇر
يۈگۈر ئەندىكىپ،
يۈگۈر ئېدىرلارنىڭ لالىزارىغا.
مەن شۇدەم شادلىناي كۆزۈمنى تىكىپ،
تاغلارنىڭ ھاياتبەخش تازا قارىغا.
باھار سىڭگىكىدۇر،
تالما ئېلىشىدىن،
يۈگۈر چاچلىرىڭغا تەگمەلەر تاقاپ.
مەن شۇدەم شادلىناي قەھرىتان قىشتىن
ئامان چىققۇالغان يىلتىزغا قاراپ.

1976 - يىل



# خاتىرە

بىلمەيمەن سەن قانداق يولچى قۇش ئىدىڭ،
بىر پەس قونۇپ ئۆتتۈڭ ئاشيانىمغا.
بىلمەدىم، سەن قانداق سىرلىق چۈش ئىدىڭ،
كۆز ئاچسام ھەسرەتلەر سالدىڭ جېنىمغا.
ماڭغۇ ئېرىقتا ئاققان سۇنىمۇ
بەزىدە مىننەت بىلەن ئۇزاتتى دۇنيا.
نىتەي، بالىپانىم، بۇ خەسىس ئالەم
ساڭا ئاشۇنىمۇ كۆرمەپتۇ راۋا.
ياشىماق سېنىڭمۇ ھەققىڭ ئىدىغۇ،
ئەجەل قوڭغۇرىقىن نە ئۈچۈن چالدىڭ؟
سەن ئاناڭ دىلىدا تىرىك بىر قايغۇ،
ئاتاڭ يۈرىكىدە چاقماقتەك قالدىڭ.
كېلىش - كېتىشىڭدىن نە ئىدى تەلەپ،
نە ئۈچۈن بېشىمغا سالدىڭ مۇنچە غەم.
ئانار دانىسىدەك قاتارلىك ئۆرتەپ،
باغرىمدىن تىلىنىپ كەتتىڭغۇ ئالەم.

1976 - يىل

## دۇنيادا ھەر ئىشنىڭ...

دۇنيادا ھەر ئىشنىڭ بار ئۆز نۆۋىتى
يىراق خاتىرىلەر ھەمراھ ئىشىمغا.
شائىرلىق يادىمدىن چىققان ۋاقىتىدا،
چوپانلىق يىللىرىم كېلەر يادىمغا.

قويلار پادىسىنى ھەيدەيمەن زوقمەن،
سۈۋىزغا چالىمەن بەزىدە نەغمە.
پادامنىڭ ئىچىدە كۆرىمەن بەزەن،
مېنى چوپان دېگەن كىشىلەرنى ھەم.

1975 - يىل



## قىش كېچىسى

تاقىلدايدۇ ئىشىك تۇيۇقسىز،
— كىمسەن؟ — دەيمەن، تۆگەپ سۇباتىم.
— ئاچقىن، — دەيدۇ، — مەن ساڭا مېھمان،
بىلمەك بولساڭ — تەشۋىشتۇر ئېتىم.

تاقىلدايدۇ ئىشىك ناگىھان،
— كىمسەن؟ — دەيمەن، تۆگەپ سۇباتىم.
— ئاچقىن، — دەيدۇ، — بۇ مەن، قەدىردان،
بىلمەك بولساڭ، بەرداشتۇر ئېتىم.

تاشقىرىدا ھۇۋلايدۇ شامال،
كۆزنى يۇمماي چىقتىم كېچىچە.
كېچىچىلا بەس قىلار ئۇلار،
كېچە بولسا كۈندۈزدۇر شۇنچە.

1976 - يىل

# تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا

يوغان تۆت كوچىنىڭ چېتىدە غەمكىن،
مەيۇس ئولتۇرىدۇ تۈن - كۈن بىرگادا.
ئەتراپتا قاينايتتى ئادەملەر توپى
ئۇچۇ، چىقارمايتتى زەررىچە سادا.

قاقشال قوللىرىنى تۇراتتى سوزۇپ،
ئىلتىجا ياناتتى سولغۇن كۆزىدە.
پۈتۈن پاجىئەنى كۆرسىتىپ ئايان،
ئىزتىراب ئوخچۇيتتى قانسىز يۈزىدە.

كىمدۇ پەرۋا قىلماي ئۆتەتتى ئاستا،
كىمنىڭدۇ كۆزىدە ياناتتى نەپرەت.
كىمدۇ پۇل بەرسىمۇ ئالمايتتى، لېكىن
ئاتالغان پۇلنىمۇ قىلار ئىدى رەت.

ئۇ بۇردا نان ئۈچۈن چەكمەيتتى قايغۇ،
باشپاناھ دېسەڭمۇ چايقار ئىدى باش.



ئالەمنىڭ بۇ رەڭدار چىرايىغىمۇ
بىپەرۋا باقاتتى، كۆزلىرىدە ياش.

بىر كۈنى سوراشتى: نە كېرەك ساڭا،
جاھان تەشۋىشىگە كۆمۈلگەن ئەي زات؟
ئۇ مەيۇس كۆز ئېچىپ ئىڭرىدى: — ماڭا
مۇكاپات بېرىڭلار، پەقەت مۇكاپات!

1976 - يىل

# خەيرخاھ

ھەمدەم ئاختۇرىدۇ ھەرقانداق ن
دوستۇم دەپ ئاتايدۇ تاپسا بىگۇمان.
دوست ئىزدەپ بىھۇدە كەزگىچە ئالەم،
ئايىنىڭ ئاستىدا باقساڭچۇ ئىنسان،

مېھرىبان كۆزىنى تىكىپ، تەلمۈرۈپ
سېنىڭ يۈزۈڭدىن ئۈزمەيدۇ نىگاھ.
ئۇندا نە مۇراد بار، ئۇندا نە تەلەپ،
ئۇ سېنى تىڭشايدۇ، ساڭا خەيرخاھ.

ئىزىڭغا تەلمۈرۈپ قالدى قېرى چال
كۆزىدە ئېھتىرام، تىلىدا دۇئا.
ئۇ ساڭا تىلەيدۇ بەرىكە، كامال،
بار ئىكەن يۇرتۇڭدا خەيرخاھ ساڭا.

سەن دۈشمەن چاغلىغان قايسىبىر ئىنسان
نەدىدۇ سەن ئۈچۈن چېكەر تەنھا ئاھ.



ئاشۇ ھەسرەت ھەققى كەلتۈردى ئىمان،
ئۇ ساڭا خەيرخاھ، چىندىن خەيرخاھ.

خەيرخاھ ئادەملەر تەمەسىز ھەمدەم،
ئالەم بىر پۈتۈندۇر شۇ ئىناقلىقتىن.
مۇھەببەتمۇ ئاخىر، شۇ دوستلۇقمۇ ھەم
باشلانغان ئەمەسمۇ خەيرخاھلىقتىن.

ئۇلار بار روھىڭدا غەم كەلمەس غالىب
مەيلى گادا بولغىن، مەيلى بولغىن شاھ.
گەر دوست يىقىتسىمۇ چا پۇتلاپ سېنى،
بېشىڭنى سىلايدۇ ئاشۇ خەيرخاھ.

1978 - يىل

# ھالەت

بىر نەپەس قۇياشنى ئۆز ھالىغا قوي
يالقۇنلۇق دىلىڭغا قىلمىغىن قىياس.
بىر نەپەس قۇياشتەك كۆرسەتسۇن چىراي،
بىر نەپەس قۇياشتەك پارلىسۇن قۇياش.

بىردەم دېڭىزغىمۇ باققىن بىتۇيغۇ،
دېمە ئۇيلىرىمدەك ئۇ تىرەن، چەكسىز.
بىردەم بېلىقلارغا ۋەتەن بولسۇن ئۇ،
بىردەم دېڭىز بولۇپ چايقالسۇن دېڭىز.

شامالنىڭ بويىنغا ئېسىلما بىردەم
سوقمىسۇن مەيلى ئۇ خىيالىڭ مىسال.
بىردەم ئۆز ھالىچە يايرىسۇن ئۇ ھەم
بىردەم شامال بولۇپ چۆگىلىسۇن شامال.

بىردەم سەن زېمىننى قوي ئارامىغا
ئۇمۇ تېپىپ تويدى تۇيغۇلار تەمىن.



بىردەم مايسىلارغا ئانا بولسۇن ئۇ،
بىردەم زېمىن بولۇپ ياشىسۇن زېمىن.

بىردەم ئۆز ھالىمغا قويغىن سەن بالام
ئايانغۇ ماڭا ھەم ئىنسان تەلپى.
بىردەم ئادەم كەبى ياشايچۇ مەنمۇ
مەن ھەم ياشاي بىردەم بىر ئادەم كەبى.

1978 - يىل

## ئاڭلا، بۇ

ئاڭلا بۇ، ئەبەدىي سادا بولىدۇ
گادايلىق دۈشمىنى گادا بولىدۇ.
ئىككىسى بىر - بىرىن يەپ بولغۇچىلىك
ئارىدا بۇ دۇنيا ئادا بولىدۇ.

* *

سەن كۆدەكسەن، ھېلى تۇغۇلدۇڭ، ساڭا
كىمدۇ كىچىك ھارۋا ياسار شۇ دەمدە.
كىمدۇ ساڭا ئۇچقۇ تۇلپار ئېگەرلەپ،
كىمدۇ ساڭا ھاسا يونار شۇمدە.



## بۇ جايلارغا نېمىشقا كەلدىم

بۇ جايلارغا نېمىشقا كەلدىم؟
قىزىقمىسام ئۇنۇت چىرايىغا.
نېچۈن كېلىپ بېشىمنى ئەگدىم
ھەسرەتلىرىم كۆمۈلگەن جايىغا.

ئاختۇرىمەن تىترەپ دەممۇ دەم —
ئۇ ئەلەملىك كۈنۈمدىن نىشان.
ناھەت ئارتتا قالغان غېمىن ھەم
ئۇنۇتقۇسى كەلمەيدۇ ئىنسان.

1969 - يىل

## مىش - مىش

ئۇنىڭ مىش - مىشىدىن رەنجىمەڭ ئەسلا،
نېمە بولسا ئەسلى نەسلىدىن بولغان.
ئانا قورسىقىدىن ئۆزىمۇ ھەتتا
ئەسلى مىش - مىش بىلەن تۇغۇلۇپ قالغان.

1977 - يىل



## نېمىكى يازمىغىن...

نېمىكى يازمىغىن كېسەلخانىدا
ئاداققى ئىشتەك تۈيۈلىۋېرەر.
غەلىتە تۇيغۇلار كېزەر دۇنيادا
ھەممىسى مېڭەڭگە قويۇلىۋېرەر.
بەزىدە قايغۇلار باغرىڭنى تىلىپ
راسا چۆچۈتىدۇ، يېرۇشمەس ئىشىڭ،
بىراق بەزى چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ
كىرىپ كېلىدۇ دوستۇڭ، تونۇشىڭ.
يەنە ئالەم يورۇق، دىلدا غۇلغۇلا —
خانەڭ سېھىرلىك بىر نۇرغا تولىدۇ.
بەكمۇ ئاددىي گەپ بىر قاراشتا بۇ
لېكىن قوشاق قىلىپ ئېيتساڭ بولىدۇ.

1972 - يىل

# سۆيگۈدىن سۆزلەيتتىڭ

سۆيگۈدىن سۆزلەيتتىڭ ئۇ كۈن ھودۇقۇپ،
سۆزلەيتتىڭ ۋىسالنىڭ يېقىن كېلىشىن.
مەن بولسام كۆزۈمنى نەگىدۇ تىكىپ
ئويلايتتىم دۇنيانىڭ سەۋدالىق ئىشىن.

بۈگۈنچۇ، بىر ئۆزۈم يۈرىمەن تەنھا
سۆيگۈمۇ، ۋىسالمۇ بولدى ھەم ئابەس①.
بارچىسى مەڭگۈلۈك تەرك ئەتتى، ئەمما
پەقەت شۇ ئويلارلا تەرك ئەتمىدى بەس.

1968 - يىل

① ئابەس — بىھۇدە، پايدىسىز.



# كەكلىكىم

تاغلار ئەلچىسى دەپ خوش كۆردۈم سېنى،
قۇش ئىچرە ئەڭ قالتىس قۇش كۆردۈم سېنى.
زىلۋا دىدارىڭنى — تۇش كۆردۈم سېنى،
مەنزىلى تاغ بىلەن دەريا كەكلىكىم.

يىراق بابا تاغدىن سەھەر مەزگىلى،
كەلدىڭ دوستۇم بىلەن مېنى كۆرگىلى.
زىيارەت گاھ ئىنسان، گاھ قۇش نۆۋىتى
خوش كەلدىڭ، دېدىم، ئاھ، زىبا كەكلىكىم.

قولۇمدىن بەخۇدلۇك دانلار تېرەتتىڭ،
چۆرەمدە تاۋلىنىپ يايراپ يۈرەتتىڭ،
مۇنچاق كۆزلىرىڭنى تىكىپ يۈرەتتىڭ،
چۆمسەم خىياللارغا گاھا كەكلىكىم.

بىلمىدىم، نە بولدى، كەتتىڭ بىدەرەك،
دۇرمان باغلىرىنى كەزدىم جانسىرەك.
قوشتىن دوست تاپقانتىم كۆپ كۆردى پەلەك،
ئەمدى نەلەردە سەن ئاشنا كەكلىكىم.

1975 - يىل.



## قوشاق

قوشاق ئۇچار ئىدى كۆكتە بىئارمان
ئۇچاتتى ياڭرىتىپ ئاسمان، ئۇپۇقنى،
قەبىھ ئادەملەر بىر كۈن بىئامان
ياردار قىلىشتى ئاشۇ قوشاقنى.
مەجرۇھ تۇرنا كەبى غۇلاپ چۈشتى ئۇ،
شادلىق غۇلاپ چۈشتى ئەرشئەلادىن.
مانا مىڭ يىللاركى قوشاق قايغۇلۇق،
ھامان ھەسرەت چېكەر ئاشۇ بالادىن؛
شىكەستە يۈرەك بۇ، چەكمىسۇن ئازار،
جاھان شائىرلىرى تۇرار قېشىدا،
چاللار دۇئا قىلسا، ئانىلار بىدار،
ئەللەي ئېيتىپ چىقار ئۇلىنىڭ بېشىدا،
ھەممىنىڭ ئارمانى — ساقايسۇن قوشاق،
زەر رەڭ قانىتىدا چۆگىلىسۇن ئاسمان.
شادلىق بىلەن تولسۇن ھەرياقتا ئۇپۇق،
كۈلكىدىن بالقىسۇن بۇ قەدىم جاھان.

بىدار تەلپۈنمەن قۇشاقتا مەنمۇ،
مەيلى ھەسرىتىمدە رەڭگىم سارغايسۇن.
بەلكى كۆزەلمەسمىز بىز ئۇنى خۇشال
بالىلار بەختىگە قۇشاق ساقايسۇن.

1972 - يىل



# يالغۇزلۇق

كۆكتە ئاي كېزىدۇ سامانىدىن① چىقىپ
يىراق زېمىن ئۈزرە ئاشلاپ ھارغىن نۇرە
ئۇ، ئۆتكەن بولسىمۇ نەچچە مىڭ زامان
كۆكتە ئاي تەنھادۇر، كۆكتە ئاي يالغۇز،
ئادەملەر ئايدىڭدا يايراپ قارىشار،
يالغۇزلۇق نېچۈندۇر ئايغا يارىشار،

كۆكتە قۇياش كېزەر — ئۇ سىرداش ئاتقا،
سىليارد يۇلتۇزلارنىڭ شەمسى تەلئىتى.
يۇلتۇزلار بولسىمۇ گەرچە پەرۋانە،
يالغۇزلۇق بولۇپتۇ لېكىن قىسمىتى.
ھەرنېچۈن ئاپتاپنىڭ يورۇقى باشقا،
يالغۇزلۇق يارىشار ئانا قۇياشقا.

بوۋىلار بەزىدە ئېچىنىش ئىچرە
شاھلارنىڭ نامىغا نامە پۈتۈشكەن.

① سامان — سامان يولى.

ئىنسانلىق شەرىپىن ئېلىپ ئېسىگە
تەگرىنىڭ يادىنى زىكىر ئېتىشكەن.
دېيىشكەن بېقىشىپ سىرلىق ساماغا:
— يالغۇزلۇق يارىشار پەقەت خۇداغا.

مەن نە ئاي، نە قۇياش، نە يەر، نە ساما،
يۇرۇقلۇققا تەشنا گىياھدەك ئۆستۈم.
يالغۇزلۇق ھەسرىتىن تارتمايلى ئەسلا،
بار بولساڭ، ئەسكە ئال مېنىمۇ دوستۇم.
يالغۇزلۇق ھەسرىتىن كۆرسەتمە تەقدىر،
يالغۇزلۇق ئىنسانغا ئۆلۈمغۇ ئاخىر.

1971 - يىل



## كۈزەك شاماللىرى...

كۈزەك شاماللىرى سوقماقتا يەنە
جىمجىت يۈرىكىمدە تۇيغۇلار قوزغاپ.
كەلگىن پەرىشتەم، كەلگىن، جىمجىتتا
كەلگىن شامالاردىن مىزانغا① ئوخشاپ.
ئاخشام تۇمانىدا كېزەيلى خۇشال
توڭغان يۇلتۇزلارغا باقايلى تويۇپ.
شارقىرىغان يامغۇر، ماكانسىز شامال
مەيلى ئىزىمىزنى كەتسىمۇ يۇيۇپ.
باغلاردا خازانلار شالدىرلار تىنماي،
ئۇلار سايىلەردۇر جىگىرىم پەقەت.
ئۇلار بىلمەيدۇ ھەم بىلەلمەيدۇ ياق،
نەقەدەر بۈيۈكتۇر بىزنىڭ مۇھەببەت.
پايانسىز ئالەمگە باقايلى سۆزسىز،
ھەسرەت يا سۆزنىڭ نېمە كېرىكى.
بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا يېنىۋاتقان كۈزە
قايسىبىر ئاشىقنىڭ ئۆچكەن يۈرىكى.

1970 - يىل

① مىزان — مىزان يۇلتۇزى.

# ئاتىلار ئىلكىدە زامان بىلەن ۋاقىت...

ئاتىلار، شەنىگە لايىق سۆزلىمەك،
تەۋەررۇك كىتاب يېزىش بىلەن تەڭ.
ئۇلارنىڭ مېھرىنى مىسلى قۇياشتەك،
باغرىمۇ يۇلتۇزلۇق ئاسمان كەبى كەڭ.

شەرقچە تەئبىرىنى ئالسام گەر يادقا،
بىر نامى بۇزرۇكنۇر، بىر نامى پەيغەمبەر،
زېمىننى ئالقاندا تۇتۇپ، ئەۋلادقا —
توپتولۇق يەتكۈزگەن ئاتىلار، ئاخىر.

پەلەكنىڭ قەھرىدە ئۇچقان سار - لاچىن،
نەزەر ئۈزمىگەندەك بالىلىرىدىن؛
ئۈزۈلمەس نەسلىنى ئاسرىماق ئۈچۈن،
ئاخىر ئاتا قوۋمى كەچكەن جېنىدىن.



ئان! دېگەن پەرزەنتنىڭ دەردلىك خىتابى،
گاھ ئۇنى تىرىكلا ئوتلارغا تىققان.
بەرداشلىق ئۆمرىنىڭ ئازاب زەردابى
چاچلاردا قىراۋدەك ئاقىرىپ چىققان.

تەختى سۇلايماندىن بەلەند ئاقىۋەت،
ئاتا دەپ ئاتالغان مەرتىۋىلىك بەخت.
پەرزەنت كۆردى ئاڭا ئۆلۈم يوق پەقەت،
ئاتىنىڭ ئىلكىدە زامان بىلەن ۋاقىت.

مەن كۆككە تەلمۈرۈپ كۈتمەسمەن مەدەت،
دوست ئىزدەپ ھەر ياندا كەزمەسمەن سەرسان.
دوستىمۇ، مەدەتكارىمۇ ئانىدۇر ئەبەد،
شانى - شانىڭ، ساڭا ئارمىنى - ئارمان.

رەھىم قاسىم تەرجىمىسى

## ئىسمەلاق①

سەن — باھار نېمىتى، ئاددىي بىر كۆكات،
غوللىرىڭ مۇستەھكەم، بەرگىڭ ياپىلاق.
مەن سېنى ھەر پۇرسەت كۆرسەم، بولدۇم شاد،
ھەر كۆكلەم مەن سېنى كۈتتۈم، ئىسمەلاق.

سەن بىر گۈل ئەمەسسەن، نازلارغا تولۇپ،
ئىلھام ئاتا قىلغان ئىنچىق ئىجادقا.
مەن ئۈچۈن سەن نىجات ئەلچىسى بولۇپ،
ئۇ ئېغىر كۈنلەرنى چۈشۈردۈڭ يادقا.

ئېسىمدە، پۈتلىرى پىلىكتەك گۆدەك،
ئاچلىقتىن قاق قۇرۇپ، بەرگەنىدى جان.
بىر ئوچۇم ئارپىمۇ كۆزگە سۈرتكۈدەك،
جەڭلەر جاراھىتى پۈتمىگەن ھامان.

ئانىلار چارىسىز، بوۋايلار مىسكىن،
سۆڭەككە يېپىشقان يەڭلەر، ئېتەكلەر،

① ئىسمەلاق — يېيىشكە بولىدىغان بىر خىل ياۋا ئۆتنىڭ نامى.



ئەينى چاغ ئەل - يۇرتقا دەرمانۇ تەسكىن،
نېسىۋە بولدىڭىز، ئەزىز چېچەكلەر.

كۆرگەنمەن، يېزامنىڭ كوچىلىرىدا
ئاچلىقتىن سارغىيىپ كەتكەنلەرنى مەن.
كۆرگەنمەن، ئۇزۇن قىش كېچىلىرىدە
سىزنى ئارمان بىلەن كۈتكەنلەرنى مەن.

بۈگۈن دەستىخاندا بېزەك سىز پەقەت،
كىمدۇر ئەزىزلەيدۇ، بى پەسەنت كىمدۇر،
سىزنىڭ قەدرىڭىزنى بىلگۈچى ھەر ۋاقىت،
ئاشۇ يوقسۇزلۇقنى كۆرگەن خەلقىمدۇر.

ئەزىز نېمىتىم سىزگە تەشەككۇر — رەھمەت،
دائىما بوي سوزۇڭ زېمىن كامىدىن.
مەن سىزنى كۆزۈمگە سۈرتەي ھەر نۆۋەت،
شۈكرانە ئېيتاي مەن ھايات نامىدىن.

## خاتالىرىڭ كېرەك ئۇلارغا...

شۇندىقلار بار، ساڭا جان ئاتاپ،
دوستمەن دەيدۇ قول ئۇزىتىدۇ.
لېكىن ھەردەم ئىزىڭنى پايلاپ،
خاتا قىلىشىڭنى كۈتىدۇ.

خاتا قىلساڭ ئۇلارغا بايرام،
ئەكسى بولساڭ، زەھەر يۇتىدۇ.
مەيلى قىلچە، زەررىچە بولسۇن،
خاتا قىلىشىڭنى كۈتىدۇ.

خاتالىرىڭ كېرەك ئۇلارغا،
شاخ ـ نوتاڭنى پۇتاپ كېتىدۇ.
يەنە كۈننى ئۇلاپ ئاخشامغا،
خاتا قىلىشىڭنى كۈتىدۇ.

ئاختۇرۇشار ھەممە ئىللەت،
يەتمىش پۇشتۇڭ گۆردىنى كېزىدۇ.



تۇغۇلمىغىن، ئۆسمىگىن پەقەت،
خاتا قىلىشىڭنى كۈتىدۇ.

ئاختۇرۇشار ھەممە ئىللەت،
يەتمىش پۇشتۇڭ گۆرىنى كېزىدۇ.
تۇغۇلمىغىن، ئۆسمىگىن پەقەت،
خاتا قىلىشىڭنى كۈتىدۇ.

ئۇلار ساڭا بىر ئۆمۈر يولداش،
سادىق ھەمراھ كەبى ئۆتىدۇ.
قەبرەڭ ئۈزرە ئېگىشسىمۇ باش،
خاتا قىلىشىڭنى كۈتىدۇ.

## سەپلەرنىڭ پاكلىقىنى دەپ...

بارچە مەجلىسلەرگە قاتناشقىن پائال،
قول كۆتۈر ھەر نۆۋەت بىرىنچى بولۇپ.
باشلىق ماقۇل دېسە، ماقۇللا دەرھال،
رەت قىلسا، قىلغىن رەت بىرىنچى بولۇپ.

گالستۇك ھەمىشە تۇرسۇن بوينۇڭدا،
ئېتىڭنى بىرىنچى قاتارلارغا سال.
تۈرلۈك مەئرۇزىلەر تۇرسۇن قوينۇڭدا،
سۆزلىسەڭ، رەھبەردىن كۆچۈرمىلەر ئال.

ئەسلى ئىشلىمىگەن ئەقلىڭنى تىنچ قوي،
چىگىش ماۋزۇلارغا يولۇما ھامان.
ساڭا ئۆز - ئۆزىدىن كېلىدۇ ئابروي،
ھەقىقىي كوممۇنىست دەر سېنى شۇئان.

كوممۇنىست، ئاھ مېنىڭ جاپاكەش ئىنىم،
ئالەمچە غەم بىلەن مەشغۇل بىر ئىنسان.



ئەپسۇس، جان باقارلار سېپىڭدە سېنىڭ،
ئەپسۇس، سېپىڭدە بار قانچىلاپ نادان.

مەن بۇ مىسرالارنى يازمايتتىم قىلچە،
گەر بۇيرۇق بەرمىسە شەپقەتسىز ھايات.
كوممۇنىستلار سېپىنى بۇزغاندىن كۆرە،
ئاڭا ياندىشمىسۇن نالايىق ھەر زات!

# ياش شائىرلارغا

بەكمۇ غەلىتە بۇ ئاجايىپ ئالەم،
مېنىڭ كۆزۈم بىلەن گەر باقساڭ — كۆرسەڭ.
قىزىق، دەر ھەقىقەت، چوپچوڭ بىر ئادەم،
ياش، بالىلاردەك شېئىر يېزىپ يۈرسەڭ.

مېنى ئەپۇ قىلغاي پېشىۋا شائىرلار،
كەچۈرسۇن كىمكى ئۆز قەدرىنى بىلسە.
ئاخىر نېمە قىلاي، چىللىسا سىرلار،
ئاخىر نېمە قىلاي شېئىر يازغۇم كەلسە.



# سەرھەدلەر

ئۆزگىگە باھا بېرىش كويىدا يۈرگەن ھەر جان،
ئەڭ ئاۋۋال ئۆز — ئۆزىگە قاراشلىرى كېرەكتۇر.
ھەر كىمنىڭ گۆرى باشقا، ئەزرائىلى بۆلەكتۇر،
قەدىمىي بوۋىلارمۇ مىڭ ئويلىشىپ بىر ئېيتقان:
قانچىلىك ئىشلىك باردۇر ھاياتىم بىلەن ئەي ياۋ،
سېنى نەگىرى بېشىمغا پاسىبان قىلىپ قويغانمۇ؟
ئۆز چېۋشىم ئۆزۈمنىڭكى، گاھ ئاتلىقمەن، گاھ ياياۋ،
مەن يىيگەن بۇردا ناندىن سېنىڭ قارنىڭ تويغانمۇ؟
مۇقەددەس سەرھەدلەر بار ئىنساننىڭ ھاياتىدا،
ئۇلارنى بېسىپ ئۆتۈش ئادەملىككە يات ئىرۇر.
قانچە — قانچە سىر ياشار ھەركىمنىڭ بىساتىدا،
شۇ سەۋەب بۇ ئىنساندۇر، شۇ سەۋەب ئۇزات ئىرۇر.
كىمگە مۇھەببەت قويۇپ، كىمگە نەپرەت ياغدۇرماق،
نەپەس ئالغانغا ئوخشاش ئىختىيارى ئاددىي گەپ.
ئەپسانىۋى دىۋىلەر ئۇ — قوللىرىدا ئۇر توقماق،
ئۆتكەن — كەچكەن بەندىنى ئۆزىچە يۈرگەن تەرگەپ.
مانا بۇ بولاق ماڭا ئىنتايىن يېقىپ قالمىش،

مانا بۇ شاماللارمۇ ماڭا ھۇزۇر ئالامەت.
سېنىڭ بولسا ھوشۇڭنى، دەيلۇق، دېڭىزلار ئالمىش،
يولۇڭدىن ھەرگىز قالما، جېنىڭ بولسۇن سالامەت.
ئەزىزىم، دىل قەسرىگە بى سوراق كىرىپ قالما،
ئۇندا جۇپ - جۇپ يىلانلار، ئەجدىھالار ياتىدۇ.
سەن بىراۋنى چەيلەي دەپ بىھۇدە ئات چاپتۇرما،
ھەركىمنىڭ ئۆز قۇياشى ئۆز ئۇپۇقىغا پاتىدۇ.
ئۆز ئۆيۈڭ، ئۆز كۆرپەڭنى ئۆزۈڭگە ئاتا قىلىپ،
ئۆز پەرزەنتىڭ، ئۆز يارىڭ بولۇۋەرسۇن سېنىڭكى.
خاھلا تىڭلا، خاھلىما — كېتىۋەر قولۇڭ سىلكىپ،
ئىختىيار سېنىڭكى، بۇ شېئىر بولسا مېنىڭكى.



## ئابدۇللا قاھار

ئۇستازنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بىر گۇرۇھ ئەدىبلەر داۋان ئېشىپ پەرغانە ۋادىسىغا سەپەر قىلغانىدۇق. بۇ شېئىر ئەنە شۇ پەيتلەرى يېزىلغان. — ئاپتوردىن.

يوللار كەينىمىزدە قېلىپ باراتتى،
سەھرالار قالاتتى چەكسىز، بى تەكرار.
نېچۈن ئۇلار چەكسىز، دېسەم، ئېيتاتتى:
بۇندىن ئۆتكەنىدى ئابدۇللا قاھار.

يوللار كەينىمىزدە قېلىپ باراتتى،
چوققىلار قالاتتى يۈكسەك ۋە تەكرار.
نېچۈن ئۇلار يۈكسەك دېسەم، ئېيتاتتى:
بۇ يەردىنمۇ ئۆتتى ئابدۇللا قاھار،

# كەتمەكتىمەن

ياخشى قال، ئەي دىلبىرىم، دىلدا قەدەر، كەتمەكتىمەن،
ئىشق ئارا ئەمدى ھالىم زىرۇ زەۋەر كەتمەكتىمەن.

نە ئىشەنچ ۋە نە خۇشاللىق، نە كۆڭۈلدىن ئاچما گەپ،
بارچىسىدىن ئۈشبۇ كۈن يوقتۇر سەمەر، كەتمەكتىمەن.

مەن قىيياش يۈزلۈكنى دەپ تۈن كېچىلەر بەردىم يۈرەك،
ئاقىۋەت ئاتقاندا تاڭ قاندۇر جىگەر، كەتمەكتىمەن،

نەچچە كۈنلەر ئۆتتى، لېكىن، قويمىدىڭ ھالىم سوراپ،
ئاخىردا ھال سوراپ كەلسەڭ مەگەر، كەتمەكتىمەن.

كەلگىنىمدە دېدىلەركى: بۇ يىگىت قانى زەرەر،
كەتمىگىمدىن، ئاخىر ئېيت، بارمۇ زەرەر كەتمەكتىمەن.

1968 - يىل



# نامە

بىز تەرەپكە ئەي نىگارا، نى بالا، بىر كەلمىدىڭ،
كۆزلىرىمگە بولدى دۇنيا قاپقارا، بىر كەلمىدىڭ.

كىرپىكىڭ ئوق، تىغى لەشكەر شۇ سەۋەب سەكپارە دىل،
چىقتى ئۈستى - ئۈستىلەپ مىڭبىر يارا، بىر كەلمىدىڭ.

ماڭغۇ لۇتىپ ئەيلىمەيسەن، ئۆزگىلەرمۇ نا ئۇمىد،
ئەھلى ئەغيارمۇ بولۇپتۇر، بەس، ئادا بىر كەلمىدىڭ.

سۇبھى دەمدە ئۇچتى ئاھىم كەۋكەبىستانغا قەدەر،
كەلسىمۇ چەكسىز پەلەكلەردىن سادا، بىر كەلمىدىڭ.

سەن نەزەر سالغان چېچەكلەردىن ھەرە بال ئەمسە گەر،
ئەيلەر ئەردىم كۆزگە گەردىڭ تۇتىيا، بىر كەلمىدىڭ.

باغرى تاشسەن، خەستە ئەيلەپ ھەم يىراق كەتتىڭ نېچۈن،
تىنبىسىدا دەر: گاھى دەردكە تاش داۋا، بىر كەلمىدىڭ.

سەن ئۈچۈن يازغان شېئىر يولۇڭغا زار ئابدۇللا مەن،
ھېلىمۇ خوپ نامە باردۇر ئىشق ئارا، بىر كەلمىدىڭ.

# بىمار ۋە تېۋىپ

— چېچىم تۆكۈلمەكتە، ئەي دانا تېۋىپ،
نېمە قىلىش كېرەك، تاپقىن بىر چارە.
— ئەللىك يىل يۈرۈپسەن ئۇنى كۆتۈرۈپ،
يەنە ھەققىڭ بارمۇ؟ بولما ئاۋارە.

— قانداق قىلاي، تېۋىپ، تاپقىن ئىمكانىنى،
قۇلاقمۇ پۈتمەكتە، ئاڭلالماس ئوچۇق.
— ئەللىك يىل ئاڭلاپ ئۇ ياخشى - يامانىنى،
بىچارە چارچاپتۇ، بەر ئاڭا ھاردۇق.

— لېكىن، يۈرەك سانجار، تېۋىپ، قىل داۋا،
مەيلى قۇلاق پۈتسۇن، چىقمىسۇن چاچ - موي.
— ئەللىك يىل سەن ئۈچۈن ئىشلەپتۇ راسا،
ئۇنىمۇ قىينىما، ئۆز ھالىغا قوي.

بىمار رازى قايتتى شۇ كۈن ئۆي ياققا،
قىپتۇ ئەزالىرى بۇرچىنى ئادا.



رەھمەت چۈشكەن چاچقا، پۈتكەن قۇلاققا!
يۈرەككىمۇ ئەجرى ئۈچۈن ھەشقاللا.

ئاشۇ تۈن ئۇخلىدى خاتىرجەم — ئامان،
بىمارنى ھالاۋەت باغرىغا يۇتتى.
ئەزالار ھاردۇقتا چىقمىش، يوق گۇمان،
ئۇلارنىڭ بەرىنى تامام ئۇنۇتتى.

گوياكى چاچ ئۇندا بولمىغان ئەسلا،
قۇلاقمۇ ئۇنىڭغا زادى نە كېرەك.
كۆكسىگە جايلىشىپ قايسىبىر چاغدا،
ئۇنى خوپ قىيناپتۇ قانداقتۇر يۈرەك.

بىمار خۇرسەن ئىدى، شاد ئىدى، خۇللاس،
شىپا تاپقانىدى مەلھەمسىز، تېكىن.
بىمەنە تەشۋىشلەر ئارتۇق قىينىماس،
سەۋەبى نېمىدۇ؟ بىلمەستى لېكىن.

تېۋىپنىڭ قېشىغا كەلدى ئۇ خۇش چاغ،
دېدى: مۆجىزەڭنى قىلغىن ئايان - پاش.
تېۋىپ جاۋاب بەردى: ئۆزۈڭنى ھەر چاغ
يوق دەپ ھېسابلىساڭ — ياشايسەن مىڭ ياش!

# بىمەھەل قار ياغقان كۈنى

(چاقچاق)

گۈل پەسلى، بوستانغا ئىشتىياق بەلەند،
نېچۈنكى، بىمەھەل يېغىپ كەتتى قار.
دېكتورنىڭ بىر ئېغىز ئېلانى بىلەن
راستىنلا نەگىدۇر مۆككۈندى باھار.

بۇ پۇرسەت چىمەنسىز، كۆڭۈللەر يېرىم،
بۇلبۇلنى قوغلىماڭ داستانىمىزدىن.
سىزدىن نېمە كېتەر، دېكتور دوستلىرىم،
قارنى كۆرەپ قويۇڭ بوستانىمىزدىن.



# ئىلغار ئىشچى ۋە چاقچان مۇخبىر قىسسىسى

ئىشچى تۇرۇپ تاڭ سەھەردە
قۇرۇلۇشقا بارىدۇ.
لاي ئېتىدۇ، خىش تىزىدۇ،
تاشنى يونۇپ چاپىدۇ.

قولى ئىشتا، ئەمما ئۆزگە
خىيال كېزەر بېشىدا.
يەسلىدىكى قىزچىقىنىڭ
لېنتىسى يوق چېچىدا.

دوپپىسىنى يوقىتىپتۇ
ئويۇن خۇمار كەنجىسى.
يېڭىسىنى ئېلىپ بەر، دەپ
يىغلاپ چىقتى كېچىسى.

بىرى ئۇچۇن سومكا كېرەك...
ئۇ ئويلار ھەممىسىنى.

شۇ كۈن ئىشچى ئىككى ھەسسە
ئورۇندار نورمىسىنى.

كۈن غەربكە قايرىلماستىن
مۇخبىر كېلىپ قالىدۇ.
ئىلغار ئاتاپ ئۇنى دەرھال
سۈرىتىنى تارتىدۇ.

ئەتىسى گېزىت بېتىدە
خەۋەر چىقار بىر غۇلاچ:
«ئۇ يېڭى يىل شەرىپىگە
مېھنەت قىلدى...» نە ئىلاج!

ئىشچى ئوقۇپ شۇ گېزىتىنى
مىيىقىدا كۈلىدۇ.
ئىلغارلىقنىڭ سەۋەبىنى
يېڭى يىلدىن كۆرىدۇ.

كۈنلەر بىر - بىر ئۆتۈپ بارار
قامچىلىشىپ ئىتتىنى.
ۋاقتى يېتىپ بىر كۈن ئۇنىڭ
تۇغۇپ قالار خوتۇنى.

كىمىرۇ ئاخىر تەلىيىدىن
خۇش بولمايدۇ بۇ چاغدا.



ئوغۇل كۆردۇق، دەپ قويدۇ،
ئاغزى ئۇنىڭ قۇلاقتا.

ئۆلمەي، ئۆسسە ئاخىر بىر كۈن
ئادەم بولار بۇ بوۋاق.
ئەمما ھازىر ئاچ قالمىسۇن
بېرىش كېرەك ئاش - تاماق.

ھامان ئازراق خىراج كېرەك...
ئۇ ئويلار ھەممىسىنى.
شۇ كۈن ئىشچى ئورۇندايدۇ
ئۈچ ھەسسە نورمىسىنى.

كۈن غەربكە قايرىلماستىن
مۇخبىر كېلىپ قالىدۇ.
پېشقەدەمنى يەنە بابلاپ
سۈرىتىنى تارتىدۇ.

ئەتىسى گېزىت بېتىدە
خەۋەر چىقار بىر غۇلاچ:
«بېلىقچىلار كۈنىگە ئۇ
مېھنەت قىلدى...» نە ئىلاج!

ئىشچى ئوقۇپ شۇ گېزىتنى
مىيىقىدا كۈلىدۇ.

ئىلغارلىقنىڭ سەۋەبىنى
بىلگەچكىن كۆرىدۇ.

كۈنلەر يەنە ئۆتۈپ بارار
بىر - بىرىنى قوغلىشىپ.
ھازىرغىچە يامان ئەمەس
ياشايدۇ خۇش بولۇشۇپ.

ئەمما ئادەم ھاياتىدا
بىر - بىرىنى قوغلىشىپ.
ھازىرغىچە يامان ئەمەس
ياشايدۇ خۇش بولۇشۇپ.

ئەمما ئادەم ھاياتىدا
بار كۈنلەرنىڭ قارىسى.
ئەجەل يېتىپ بىر كۈن ئۇنىڭ
ۋاپات بولدى ئانىسى.

مەرھۇم دېگەن ئۆزى بېرىپ
كىرمەيدۇغۇ قەبرىگە.
خىراج كېرەك كۆمۈش ئۈچۈن،
ئۇششاق ئىش ھەم نەزىرگە.

ئانىسىنىڭ ئۆلۈشىنى
نەدىن بىلسۇن ئۇ غېرىب.



بىلسە، ئاۋۋال ئازراق پۇلنى
قويماسمىدى تەق قىلىپ.

قەبرىگە تاش قويۇش كېرەك...
ئۇ ئويلار ھەممىسىنى.
ئىشچى ئەمدى ئورۇندايدۇ
تۆت ھەسسە نورمىسىنى.

كۈن غەربكە قايرىلماستىن
مۇخبىر كېلىپ قالدۇ.
پېشقەدەمنى گىدىيىتىۋرۇپ
سۈرىتىنى تارتىدۇ.

ئەتىسى گېزىت بېتىدە
خەۋەر چىقار بىر غۇلاچ:
«ماي بايرىمى شەرىپىگە
مېھنەت قىلدى...» نە ئىلاج!

ئەمدى ئىشچى ئۇ گېزىتنى
بىر بۇرجەككە ئاتىدۇ.
بۇ ماختاشقا نېمە دەيسىز؟
ئويلاپ بېشى قاتىدۇ.

ئۆيدە ماتەم تەزىيىسى
بۇ ياقتا بۇ مەسخىرە.
كاشكى، ئادەم ئەھۋالىنى
سورىسىسا زەررىچە.

ئەمدى ئىشمۇ قىلىپ چەتتە،
سۆكۈپ كېتەر غۇربەتنى:
«بىلسىمىزغۇ، بىزمۇ ئاخىر
بايراملارغا ھۇرمەتنى.

بۈيۈك زامان مېھرى بىلەن
روناق تاپتى ئۆمرىمىز.
كوممۇنىستىك غايىلەرگە
لىپمۇلىپ بۇ كۆڭلىمىز.

مەيلى باھار بايرىمىدەك
ياشنىتايلى ئالەمنى،
لېكىن، ئۇكا، ياشلىق قىلىپ
رەنجىتتىڭغۇ ئادەمنى.»

ئويلاپ ئىشچى ھەممىسىنى
تىنچ - ئارامى يوقالدى.
خۇمپەرلى بىر بابلاي دېدى،
گېزىت ياققا يول ئالدى.

كېيىن بىلسە مۇخبىرىڭمۇ
بار ئىكەن ئۆز ئالىسى.
خىراج ئۈچۈن يازغانىكەن،
تۇغۇپ قالغاچ ئاچىسى.

1968 - يىل



## گۇرۇھۋاز

يالغۇز ئۆزى پاشنىمۇ ئۇرالمايدۇ،
ئۇ جايغىمۇ يالغۇز ئۆزى چىقالمايدۇ.
نەگە بارسا شېرىك توپلار، شېرىكلىرى
يوقالسىمۇ يالغۇز ئۆزى يوقالمايدۇ.

阿布都拉·阿热波夫诗选（维吾尔文）
责任编辑：乌斯曼·纳地尔
新疆青少年出版社出版（乌鲁木齐市建设路九号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
787×1092毫米　32开　5.325 印张
1989年1月第一版　　1990年3月第一次印刷
印数：1 —1,000
ISBN 7—5371—0363—1/I·175　定价：1.40元

## كونا قۇدۇق

هەممىگە ئايان بۇ بىر رىۋايەتتۇر:
بارمىش ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى — شېخى.
ئۇنى يوشۇرالماي ساتىراش قۇرغۇر،
قۇدۇققا ئېيتىپتۇر شۇدۇر قىلمىشى.

ياشاپ كەلمەكتىمەن، ئۆزۈمگە ئايدىڭ،
ئۆتكەن - كەچكەن سىردىن دائىم كۆڭلۈم توق.
نېمىدۇ ماڭا يېتىشمەس لېكىن،
ئېھتىمال، يېتىشمەس شۇ كونا قۇدۇق.